# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



# 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، تەشۋىق قىلايلى، ئىزچىللاشتۇرايلى



ئاپتونوم رايونـ
لۇق خ ق دائىمىي
كومىتېتى پارتگۇ-
رۇپپىسى 15 - قۇ-
رۇلتاي دوكلاتىنى
ئۆگىنىشكە ئۇيۇش-
تۇردى ھەمدە ئورگان
خىزمىتىگە بىرلەش-
تۇرۇپ، مۇزاكىرە
ئېلىپ باردى.



6 - ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، 15 - قۇرۇلتاي روھىنى يەنىمۇ ئۆگىنىش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.



ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق ئىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىغا قاتناش- قان كومىتېت ئەزالىرى جياڭ زېمىننىڭ دوك- لاتىنى ئۆگەندى. (لۇۋاڭخاۋ فوتوسى)





ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇ- رۇپپىسى 15 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.
(خۇرۇنچىڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپى- سى 15 - قۇرۇلتاي ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق تەپتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇ- لۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلىدى
(ۋۇ يىخسەي فوتوسى)

# ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، بىرىنچى بولۇپ بۇ ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈشى ھەمدە ئۇنىڭغا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەن سۆزنى ئېنىق پۈتۈپ قويۇشى كېرەك.

پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن تارتىپ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئابىدە ئەھمىيىتىگە ئىگە مۇھىم ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ شەرتى، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇنداقلا دۆلەتنى ئۇزاققىچە ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى، خەلقنىڭ ئاساسلىنىدىغان قانۇنى بولىدۇ. بىز كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق دۆلىتىمىز تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ئاساس سېلىۋالدۇق. ۋەھالەنكى، دۆلىتىمىزنى ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇشكۈل.

بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى توغرا تونۇش كېرەك. سىياسىي ھالەت يەككە - يېگانە پەيدا بولمايدۇ ھەم يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئۇ دۆلەت، سىياسىي قانۇن ۋەھاكازانى بەلگىلەيدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ، يەنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ھالقىغان دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم بولمايدۇ. خۇددى 15 - قۇرۇلتايدىكى دوكلاتتا كۆرسىتىلگىنىدەك: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش — تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان تارىخىي جەريان بولۇپ، ئۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە قەدەم - باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ».

ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇساپىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن تېزلىتىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئوخشاشلا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئالغا سىلجىتىش كېرەك». دۆلەت ئەھۋالىغا توغرا قاراش پاسسىپلىق بىلەن كۈتكەنلىك ئەمەس، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئاستىلىتىشقا بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ھازىر بىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ئىشلارنى قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتى ئەمەلىي جانلاندى، بىزدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تېزلىتىشنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك شەرت - شارائىتى بارلىققا كەلمەكتە.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك. 15 - قۇرۇلتايدىكى دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەر خىل يول ۋە شەكىللەر بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىشلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ بايان دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇلىنى شەرھلەپ بەردى. بىز مۇشۇ بايانغا ئاساسەن، ئىلمىي بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە تونۇش ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىنى بايقىشىمىز، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتقا نەزەر تاشلىشىمىز، ھەر خىل يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە تېگىش ۋە جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز، دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى پائال، سالماقلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ يولدا قەتئىي بوشاشماي مېڭىشىمىز لازىم.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى


(ئايلىق ژۇرنال)

新疆人大　　(月刊)　　维吾尔文

1997 - يىل 11 - سان　17 - يىل نەشرى　(ئومۇمىي 176 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

باش مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل



**ئوبزور**

ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى**

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29. يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ........ شىې فۇپىڭ (4)

15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى ........ مەھەممەت ئىسمايىل (13)

**باش ماقالە**

ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتەيلى ........ (11)

**مۇھىم قارار**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى تەقسىملەش ۋە ئۇلارنى سايلاش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى ........ (21)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىل سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر سانى توغرىسىدىكى قارارى ........ (22)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى ........ (25)

**يەرلىك نىزام**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى نىزامى ........ (26)

**مۇھاكىمە ۋە تەجرىبە**

مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ........ ئابلىمىت توختى (30)

**قانۇن تەتقىقاتى**

مەمۇرىي توختاملارنى قانۇن چىقىرىپ قېلىپلاشتۇرۇش لازىم ........ جاڭ شياڭجيۇ (32)

**قانۇندىن ساۋات**

نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىدىن سوئال - جاۋابلار ........ (34)

**قانۇندىن سوئال - جاۋاب** | ئۈچ جاھازلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدا مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ ........................................................................................................... (38)
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى» دىن سوئال - جاۋاب ........ تۇختىروزى مەتنۇرى (39)

**جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش** | مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتسىزلىك ............... ئابلەت ئەخمەت (41)

**مۇلاھىزە** | ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم .................................................................. ئەركىن روزى (42)

**باشلامچىلار** | سۇ ئىشلىرى خىزمىتىگە بېغىشلانغان قەلب .................................................................. ھەسەن ئابدۇۋەلى (45)

**دېلودىن مىسال** | سوت مەھكىمىسى رەسىمخانىنى تۇتۇپ قېلىنغان نېگاتىپنى قايتۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى .................................................................. شۇ يىمىڭ (48)

**خەۋەرلەر** | شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمالدىكى 13 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھاكىمە يىغىنى تۇرپان شەھرىدە ئېچىلدى ........... ئەكبەر ئابلىم (50)
چىرا ناھىيىسىدە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەنمەكتە .................................................................. مەتقۇربان ھوشۇر (50)
ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنى ئېچىلدى .................................................................. تاھىر ماموت (51)
نىيە ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ناھىيىمىزنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى .................................................................. مەمتىمىن قاسىم (52)
چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا - بازارلاردىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى .................................................................. ئەركىن رەجەپ (37)

**بىلىۋېلىڭ** | ئايالللار ۋە قانۇن چىقىرىش .................................................................. (53)
باغاق ۋە ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتى .................................................................. ساۋۇت ھېكىم (55)

**ئەتىرگۈل** | بىر دوللار .................................................................. (56)
سايلام .................................................................. ئەلق قەمەس (تاجىك) (56)
پۇشايمان .................................................................. پەرھات مەمتىمىن (56)

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 1166/D
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 34 - 58 پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 - قورۇ تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63717
مۇقاۋىسى شىنجاڭ رەڭلىك سۈرەت باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
تېكىستى شىنجاڭ رەڭلىك مىتاللار سانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

☆ شي فۇپىڭ ☆

1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى



مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار، كومىتېت ئەزالىرى، يولداشلار:

مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدا پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكىرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن.

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيى دۆبەرگەن «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى» دېگەن تېمىدىكى مۇھىم دوكلاتتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلدى، تارىخ ئەسلەندى، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاندى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر، بولۇپمۇ 14 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر ئەستايىدىل يەكۈنلەندى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەسىر ھالقىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر

لىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم پەيتتە چاقىرىلغان بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك يىغىن، پارتىيىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم نامايەندە. يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مىللەت خەلقىنى يېڭى ئەسىرگە باشلايدىغان سىياسىي خىتاپنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى. قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخىي تۆھپىسى شۇكى، ئۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلدى ھەمدە ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈپ، دەۋرنىڭ تەلىپىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈردى. قۇرۇلتايدا يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىمىزنى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىتىش كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پۈتۈن

پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىدا 15 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى بىرىنچى قارالما قىلدۇق. ئالدى بىلەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگەندۇق ۋە مۇزاكىرە قىلدۇق، بۇ ئىنتايىن زۆرۈر. ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە داۋامىدا، يولداشلار بەس - بەستە پىكىر بايان قىلدى، 15 - قۇرۇلتاينىڭ زور ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ ئۆتتى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىنغانلىقىنى بىردەك ھىمايە قىلدى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى بىردەك ھىمايە قىلدى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلساقلا، گۈللەنگەن، باي، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگونى 21 - ئەسىرگە باشلاپ كىرگىلى بولىدىغانلىقىغا بىردەك قەتئىي ئىشەندى.

بۇ قېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئۆگىنىش ۋاقتى بەك قىسقا بولغان بولسىمۇ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. دەرۋەقە ئۆگىنىشىمىز يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، 15 - قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، تۆۋەندە مەن 15 - قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈستىدە بىر قانچە پىكىرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن:

**1. دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئوبدان ئۆگىنىپ، 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بويىچە دولقۇن قوزغاش كېرەك**

پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرى 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى جىددىي سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۇنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ھەقىقىي چىڭ تۇتۇشى كېرەك. 15 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى يىغىنلىرى، مۇدىرلار يىغىنلىرى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم قارالمىسىغا كىرگۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى تەشكىللەپ، تەكرار ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. يەنە ئۆگىنىش كۇرسى، مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىشقا ئوخشاش شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىش داۋامىدا، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 15 - قۇرۇلتايدىكى سىياسىي دوكلاتىنى ئۆگىنىشنى مەركەزلىك تۇتۇپ، ئۇنى ئابزاسمۇ ئابزاس، جۈملىمۇ جۈملە ئۆگىنىپ، دوكلاتنىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق تېمىسىنى مەھكەم ئىگىلەپ، قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پروگرامما، ۋەزىپە ۋە سىياسەت، فاڭجېنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە خىزمىتىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى

سىستېمىسىدىكى يولداشلاردا ئىدىيىۋى تونۇش ۋە
روھى جەھەتتە چوڭ سەكرەش ھاسىل قىلىپ، 15
- قۇرۇلتاي روھىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىـ
دە، توغرا، ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن
پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

**2. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، 15 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ روھىي ماھىيـ ىتىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش كېرەك**

يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ دوكلاتى ماركسىزمـ
لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىمىزدىكى ئاساسلىق ھۆجـ
جەتلەرنىڭ بىرى. يولداش جياڭ زېمىن دوكلاتىـ
دا، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئېلىـ
مىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى
ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى خەلقـ
ئارا ۋەزىيەت، ئىچكى ۋەزىيەتتە، بازار ئىگىلىكىـ
نى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا جۇڭگوچە سوتسىياـ
لىزمنى قانداق بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قاتار زور
مەسىلىلەرگە ئىجادىي يوسۇندا جاۋاب بېرىپ، بىزـ
گە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ۋە كۈرەش نىشانىنى
كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئۆگىنىشتە مۇھىم نۇقتىـ
نى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنچە
ھاسىل قىلىپ، ئىدىيىۋى قورالنى ئىگىلەپ،
خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز
كېرەك.

بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايـ
رىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، توغرا سىياسىي يۆنىـ
لىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىز ئۆگىنىش ۋە
پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىـ
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئالەمـ
شۇمۇل نەتىجىلەرنى ئەسلەش ئارقىلىق شۇنى
چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىـ
سىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا، زور نەتىـ
جىلەرمۇ بولمىغان بولاتتى. ئوخشاشلا، دېڭ شياۋـ
پىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا، ئىسـ
لاھات ۋە تەرەققىياتتا يولۇققان يېڭى ئەھۋال، يېـ
ڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىز ئىـ
دىيە ۋە خىزمەتتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ
يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر
قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن قىلچە تەۋرەنمەسلىكىمىز
كېرەك. بۇ بىزنىڭ 15 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگـ
ىنىشىمىزدىكى تۈپ نۇقتا، شۇنداقلا 15 ـ قۇرۇلـ
تاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى
تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى تۈپ
نۇقتا. بۇ نۇقتىدا تونۇشىمىز ئېنىق، پوزىتسىيـ
ىمىز قەتئىي بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى چوڭقۇر چۈشىـ
نىپ، ھەر خىل مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇـ
رۇۋېلىش كېرەك. 15 ـ قۇرۇلتايدا ئېلىمىزنىڭ
يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇـ
ۋاتقانلىقى يەنىمۇ تەكىتلەندى ھەمدە پارتىيىنىڭ
سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ
پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ئىنتايىن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نەزەرىيە شۇنى چۈشەنـ
دۈرىدۇكى، دۆلىتىمىزدە باشقا لۇشيەن ۋە سىياـ
سەتنى يولغا قويماي، ھازىرقى لۇشيەن ۋە سىياـ
سەتنى يولغا قويۇشنى ئېلىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىياـ
لىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن
ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بەلگىلىگەن.
يولداش دېڭ شياۋپىڭ: پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشـ
يەنى 100 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنىدى. 15
ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپـ
كى باسقۇچى ئاز دېگەندە يۈز يىل بولىدۇ، دەپ
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگـ
ىنىش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي
زىددىيەتلەرنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ھەرخىل
مۇجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، دېڭ
شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشـ
يەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزـ
لۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ،
ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئاڭلىقلىقىمىز ۋە
قەتئىيلىكىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتىكى زور بۆسۈشنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ دوكلاتتىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەكلىنى كۆپ خىل قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانني چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى كۆز قاراشتا روشەن بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، رايونلار بىلەن بولغان پەرق يەنىلا چوڭ. پەرقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ئوبيېكتىپ ئامىل بار، لېكىن سەۋەبىنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىزدىگەندە، ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە ئىدىيىدە دېگەندەك ئازاد بولماسلىق، ئىسلاھات قەدىمى ئاستا بولۇشتىن ئىبارەت. 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن بىزدىكى كاپىتالىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ دېگەن ھەر خىل ئەندىشىنى تۈگەتتى. بىز بۇنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشىنىپ، يوكنى تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ تېز، جانلىق، ياخشى قىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىسى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

15 - قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا: نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش جياڭ زېمىن كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئىكەن، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تۈزۈم تېخىمۇ تولۇق، ئومۇمىيۈزلۈك، مۇقىم ۋە ئۇزاق مۇددەت ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 15 - قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانلار ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولغان شەرەپ تۇيغۇمىز، مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئىشەنچىمىز ۋە غەيرىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن بېرىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىدا داۋاملىق يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

بەشىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى پارتگۇرۇپپىسى ۋە ئورگان پارتىيە تەشكىلاتى ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. بارلىق پارتىيە ئە-

زالىرى ۋە كادىرلار ئارىسىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرى-
يىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرى-
يىسى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆگى-
نىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت
بېرىشتەك ياخشى ئىستىلنى تىكلىشى لازىم. جان
- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ
تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئام-
مىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئامما ئۈچۈن ئەمە-
لىي ئىش ۋە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كې-
رەك. پاك - دىيانەتلىك بولۇش، خىزمەتنى قې-
تىرقىنىپ ئىشلەش جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەي-
تىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش،
ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش،
قېتىرقىنىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلەشتە باشلامچىلىق
رول ئوينىشىمىز لازىم.

**3. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك**

15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا دۆلەتنى قانۇن بو-
يىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق
دۆلىتى قۇرۇش فاڭجېنى دۆلىتىمىز سىياسىي تۈ-
زۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مەزمۇنى
سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ئەتراپلىق، سىستېمىلىق
بايان قىلىندى، پارتىيىنىڭ پروگرامما خاراكتېر-
لىك ھۆججىتىگە يېزىلدى، بۇ جياڭ زېمىن يادرو-
لۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك
كوللېكتىپىنىڭ سىياسىي، نەزەرىيە جەھەتتە پى-
شىپ يېتىلگەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، ئۇ
دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ زور تەرەق-
قىياتى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
قانۇنچىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا باشقا ئىسترا-
تېگىيىلەر ئورنىنى باسالمايدىغان ئەۋزەللىككە ئې-
گە، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش
شارائىتىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاج-
لاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈ-
زۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش جەھەتتىكى ئا-
ساسىي تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك
قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ
مۇقەررەر تەلىپى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تې-
پىشى، گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئا-
شۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچى-
لىق دۆلىتى قۇرۇش نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا
قويدى. بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن چاقىرىق، بولۇپمۇ بىز
ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى يول-
داشلار ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى
خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بارلىق يولداشلارغا قو-
يۇلغان تەلەپ. بىز زېمىمىزدىكى شەرەپلىك ۋە
جاپالىق ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇپ، بىر نىيەتتە ئىت-
تىپاقلىشىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىس-
تىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا
سۈرۈش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلى-
نىشىمىز كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش،
قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن نازا-
رەتچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇ
زور بىر ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى؛ شۇن-
داقلا تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى، بۇنىڭدا ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دە-
رىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، دۆلەت ئورگانلى-
رى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە تىرىشى-
شىغا تايىنىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائى-
مىي كومىتېتلىرى 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئا-
ساسەن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايوننى،
شەھەرنى، ناھىيىنى ۋە باشقا ئىشلارنى قانۇن بويى-
چە ئىدارە قىلىشنىڭ يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە

ھەمكارلىشىشى كېرەك. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمىزنى ئالساق، ئاساسىي قانۇندا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا پائال تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا 2010 - يىلىغا بارغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىنى چىقىرىشتا مۇشۇ تەلەپ بويىچە سالماقنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، سۈرئەتنى تېزلىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 15 - قۇرۇلتاينىڭ قانۇن چىقىرىشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تۇتۇشى كېرەك. يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى داۋاملىق يەكۈنلەپ، قانۇن چىقىرىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، نىزام تەييارلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. قانۇن چىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نىزام تەييارلاش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ سۈرىنى قوغداش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دېمەك، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىمىز ئالدىغا قانۇن نازارەتچىلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش جەھەتتە تېخىمۇ جىددىي ۋەزىپە قويۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىمىز قانۇن نازارەتچىلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. بىراق جەمئىيەتتە قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت. بۇ ھەقتە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرى بەك كۆپ. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، قانۇن نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن نازارەتچىلىكىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئەدلىيە، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى باھالاشنى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خاتا ئەنزىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئەدلىيە خىزمىتى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ قانۇننى دەپسەندە قىلغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى قانۇن بويىچە جازالىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ سالمىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا

ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**4. 15 ـ قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك**

بۇ يىل دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى بولىدۇ. بۇ يىلنىڭ ئاخىرى، كېلەر يىلنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئىككى مەھكىمىلەرنىڭ ھەممىسى (قاراماي شەھىرىدىن باشقا) نۆۋەت ئالماشتۇرىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىمىز ھەم 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇشى، ھەم نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى، ھەم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك، دېمەك، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر. بىز 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇنى يېتەكچى قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىشىمىز كېرەك.

نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. ئۇ 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى ئېنىق، كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، جايلار ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇختا ئىشلەپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، ساھەلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

مۇشۇ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇش ئالدىدا تۇرماقتا. بىز ئاخىرقى بىر نەچچە ئاي ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىمىزنى ئەستايىدىل ئەسلەپ ۋە يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەسىلىلەرنى تېتىق قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتتە تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك. ئىشىنىمىزكى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى تەركىبىدىكى خادىملار چوقۇم روھنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش يولىدا يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.



# ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتەيلى

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشىدىكى ئاساسىي تەدبىرى سۈپىتىدە 15 - قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدىكى يەنە بىر بۆسۈش. جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - سىياسىي قۇرۇلۇش جەريانىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئالدى بىلەن 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە بولغان بايانىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز لازىم. دوكلاتتا: دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرمىغاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈمىنى ئاساسىي قانۇن بەلگىلىگەن، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلمايدىغا بولسا، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەر قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، قانۇننى ياقلىمايدىغان جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بولۇپ چىقالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس؛ قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ۋە ئەمەلىي تەرەققىيات جەريانىدا تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولىدۇ، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشىمىز ۋە تونۇشىمىز لازىم.

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش قەدىمىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ ئىلمىي مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش لازىم. بىرىنچىدىن، ئامممىنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ سۇبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇش لازىم، شۇڭا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئاز ساندىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ خەلقنى باشقۇرۇشى بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدۇر. ئۇ بارلىق پۇقرالاردىن ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، مۇھىمى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھوقۇقنى قانۇن ئارقىلىق يۈرگۈزۈش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش، ئىدارە قىلىش ئوبيېكتىنى خەلقنى ئىدارە قىلىش بىلەن چەكلەپ قويماسلىق لازىم. ئىككىن-

چىدىن، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشتا قايسى قانۇنغا ئاساسلىنىش لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسلىنىش بىلەن بىرگە، مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك نىزاملارغىمۇ ئاساسلىنىش لازىم. ھازىر نۇرغۇن جايلار بەزى قائىدە - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، لېكىن ئۇلار قانۇن ئەمەس. شۇڭا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى «تۈزۈم» ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ۋە «نىزام» ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا، چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ بىر - بىرىگە تۈرتكە بولۇش مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم. 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئاساسلىق تەدبىر قىلىندى، بۇ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ ھەم سىياسەتكە، ھەم قانۇنغا تايىنىشتىن تەرەققىي قىلىپ سىياسەتكە تايىنىشقا، لېكىن ئاساسلىقى قانۇنغا تايىنىشقا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن، پارتىيىنىڭ قانۇن ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن، دۆلەت تۈزۈمىنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ زور بۇرۇلۇش پارتىيىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئاڭلىق ماسلىشىشى، يەرلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپە، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلىدۇ. ئۇ بىزدىن چوقۇم كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، ھازىردىن باشلاپ پۇختا قەدەمدە قەتئىي بوشاشماي تىرىشىپ، ئالدىراقسانلىق ئىدىيىسىنى، شەكىللىۋازلىقنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش تارىخىي قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.

---

(بېشى 45 - بەتتە)

يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى» دە، نامراتلارغا يەتكۈزۈپ بەردى.

شان - شەرەپ جاپالىق ئىشلىگەن تۆھپىكارلارغا مەنسۇپ، ئۇ ھازىرغىچە باي بازىرى ۋە ناھىيە تەرىپىدىن 26 قېتىم تەقدىرلەندى، ئۇ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ھەر يىلى ئىلغارلىقنى قولدىن بەرمىدى، 1994 - يىلى بۇ پونكىت ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى تەرىپىدىن 5000 يۈەن نەق پۇل ۋە لەۋھە بىلەن تەقدىرلەندى، باي بازىرى كۆپ قېتىم ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ تەقدىرلىنىپ كەلدى، كۆپ قېتىم باي بازىرىدا، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مەھەممەت ئىبراھىم ئۇزۇن مۇددەت سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدە ئىشلىگەن ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ژۇرنالغا ئەۋەتتى، ئۇ ھازىر ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئۇدا بىر نەچچە قارار بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك، تايانچلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ھەسەن ئابدۇۋەلى

# 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى يولداش مۇھەممەت ئىسمايىلنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا سۆزلىگەن سۆزى

(1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى)



يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسى بىرلىكتە ئاچقان نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى (شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى) بۈگۈن باشلاندى. كۈيتۇن شەھەرلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى كۇرسنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! مۇشۇنداق شەكىل ۋە كۆلەمدىكى كۇرسنى ئېچىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلگىرىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە بولۇپ باقمىغان. پارتكوم تەشكىلات تارماقلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى يولداشلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەركەزنىڭ (1997) 15 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چاقىرغان يەرلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى بىللە ئۆگىنىپ، سايلام خىزمىتىدىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشى تامامەن زۆرۈر. بۇ ھەم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئېھتىياجى، ھەم يولداشلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى جىددىي تەلىپى، ئۇ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ياخشى ئاساس سالىدۇ.

بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل ئەتىيازدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بارىدۇ، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە قانۇن، سىياسەت ۋە ۋاقىت جەھەتتە قويۇلغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭقۇر،

ئىنچىكە ۋە پۇختا ئىشلىگەندىلا، ئاندىن سايلام خىزمىتىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە كۆپ قېتىم قاتناشقان، بۇ جەھەتتە مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ نۇرغۇن ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار: بىرىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر مۇنچە يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلە كۆرۈلدى، بولۇپمۇ شەھەردىكى تۇراقسىز ئاھالىلەر كۆپىيىپ ئېشىپ، سايلام خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى؛ ئىككىنچى، ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى بىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى، بۇ ھال خىزمەتنىڭ قىيىنلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ؛ ئۈچىنچى، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا خېلى زور تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، سايلام خىزمىتىنىڭ تەرتىپى تېخىمۇ چىڭىتىلدى، دېموكراتىيە تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. بۇ ئىككى قانۇن تۈزىتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا تېخى تۇنجى قېتىم يولغا قويۇۋاتىمىز، تەجرىبىمىز كەمچىل. شۇڭا، يولداشلارنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ روھىنى، سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى چوڭقۇر ۋە پىششىق ئۆگىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئاچقۇچ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئاساس، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ كاپالەت ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئىدىيىنى پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى مەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

**1. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە ئېچىلغان ئىنتايىن مۇھىم قۇرۇلتاي بولۇپ، پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇرۇلتاي بولدى، ئۇ پارتىيىمىز تارىخىدا يەنە بىر نامايەندە.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ سىياسىي دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت. دوكلاتتا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ زامانىمىزدىكى ماركسىزمى ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ئىكەنلىكى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى ھەمدە ئۇنى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سۈپىتىدە پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈش تەكلىپ قىلىندى. بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك، ئەمەلىيەتنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن دوكلاتىدا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ چوڭقۇر بايان قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈلمە خەلقنىڭ كۈرەش مېۋىسى ۋە تارىخ تاللىغان تۈزۈلمە. غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلمەي، بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش،

خەلق دېموكراتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگەنلىك كەڭ خەلق ئاممىسى پار-تىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن-لاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، تۈرلۈك يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق، دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتى-ساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلار-نى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قا-نۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ دې-مەكتۇر. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموك-راتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي تۈردە قا-نۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېنىنىڭ ئىز-چىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئومۇمىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك يادروسىغا خاس رولىنى باشتىن ئاياغ جارى قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» ئۇ مۇنداق دەپ كۆر-سەتتى: «دېموكراتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈ-شى دېگەنلىك، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھو-قۇقىنى تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش، دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئۆتكۈزۈش، تەدبىر بەلگىلەش، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك قى-لىش يولىنى تۇتۇپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپا-لەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قى-لىش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. سوت-سىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تۈزۈم تېخىمۇ نېگىزلىك، ئومۇمىيلىق، تۇراقلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگى-نىغا خاس فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈ-شىگە كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن چىقىرىش ۋە نازا-رەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش خەلق ۋەكىللە-رىنىڭ خەلق بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاش-تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا دائىر چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەشنى قانۇن چىقى-رىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىمكان بېرىدى-غان، خەلقنىڭ رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدى-غان، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى كەڭ مەركەز-لەشتۈرىدىغان تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى پەي-دىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشنى ئىل-مىيلەشتۈرۈپ ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈ-رۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررى-تورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتى-نى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاق-لىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلان-دۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئال-غا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.» ئۇ مۇ-نۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ئاساسلىنىدىغان قا-نۇن بولۇش، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈ-رۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش — پارتىيە ۋە دۆلىتى-مىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈ-رۈپ، 2010 - يىلىغىچە جۇڭگوچە سوتسىيالىس-تىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كې-رەك. ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەڭ قەدەمدە ئالغا سىلجىتىش لازىم. ئىنزگە ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، كادىرلار-نىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرى، ئۇلارنىڭ ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت. ئىسلا-ھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نازارەتچىلىككە دائىر قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھوقۇقنى قا-نۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك. ئادىل-لىق، لىللالىق، ئاشكارىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇ-

روۋپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاستە بېرىپ تاقىلىدىغان تارماقلاردا ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش — تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان تارىخىي جەريان، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەدەممۇ قەدەم، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىزم قانچە راۋاجلانسا دېموكراتىيىمۇ شۇنچە راۋاجلىنىدۇ. بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ راۋاجلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، 21 - ئەسىردە ئۇنىڭ تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك.» نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، يولداش جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتىنىڭ روھىنى جەزمەن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ساغلام ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**2. يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئوبدان سايلاش كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى خەلققە يۈرگۈزۈشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە چوقۇم يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئاممىنى بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان، ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىقتىدارى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىپادىسى ياخشى بولغان سايلىغۇچىلارنى ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاش لازىم. سودا - سانائەت كارخانىچىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىدىغان ماھىرلار، ئاممىنى تىرىشىپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان باشلامچىلاردىن ۋە مۇقىملىقنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار شەخسلەردىن مۇئەييەن ساندا ۋەكىل سايلاشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا، ۋەكىللەرنىڭ ئىلغار بولۇشىغا، كەڭ دائىرىلىك بولۇشىغا، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. ۋەكىللەرنىڭ ساھە قۇرۇلما نىسبىتىنى رەھبەر ئىچكى جەھەتتە ئىگىلەيدۇ، ئۇنى سايلام رايونلىرىغا زورمۇزور چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، شەكلى ئۆزگەرگەن كۆرسىتىپ سايلىتىش، ئەۋەتىپ سايلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ۋەكىللىكنى نوقۇل ھالدا پەخرىي ۋەزىپە قاتارىدا ئېتىبار بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشىنى ئىمكان قەدەر ئازايتىش، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ قاتلىنىپ قېلىشىنى ئازايتىش، قاتلىنىپ قالغانلىرىمۇ ئىككى دەرىجىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. تۆتىنچىدىن، ۋەكىل نامزاتلىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بىر قانچە قېتىم قايتا - قايتا غۇلغۇلا قىلىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىردا بىر قەدەر كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە، شۇ يەردىكى مىللەتلەر قۇرۇلمىسى ئەھۋالى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن رەسمىي نامزاتلارنى بېكىتىش لازىم، ئاۋارىچىلىقتىن قورقۇشقا، ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرۈشكە بولمايدۇ، رەسمىي نامزاتلار ئىسمىلىكىنى ساي-

لام رايونى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ياكى سايلام ھەيئىتى بىر باك چىقىرىپلا بېكىتىپ قويماسلىقى لازىم. بەشىنچىدىن، پەرقلىق سان سايلىمىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. سايلام قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن، سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزات سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن ئۈچتىن بىرىگىچە ھەتتا بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولۇشى كېرەك؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلايدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزات سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن بەشتىن بىرىگىچە ھەتتا ئىككىدىن بىرىگىچە كۆپ بولۇشى كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان نىسبىتى بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئالتىنچىدىن، بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلار شۇ سايلام رايونىدىكى بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ يېرىمىغا يەتمىسە، سايلامنى ئىناۋەتلىك، دەپ ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ، نامزاتلار بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشەلمىسە، سايلاندى، دەپ ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ.

## 3. سايلام خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوبدان تۈزۈش كېرەك

سايلام خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى پۈتكۈل سايلام خىزمىتىنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ساغلام، تەرتىپلىك ئىشلەشنىڭ ئاساسى. ئۇ، پۈتكۈل سايلام خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەر بىر ناھىيە سايلام خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈشتە، ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكومىلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئاساس قىلىش، ھەر دەرىجىلىك پارتكومىلار ئەستىقلاپ تارقاتقان شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى «يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش لازىم. سايلامنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ناھىيەلىك سايلام ھەيئىتى تۈزۈپ چىقىپ، تەڭ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن يولغا قويىدۇ.

## 4. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ سايلام چارىسىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىش لازىم

خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ سايلام چارىسى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قانداق سايلاش توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمە بولۇپ، ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن، قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى «سايلام چارىسى» بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. «سايلام چارىسى» نى تۈزۈشتە، بىرىنچىدىن، ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە سايلام قانۇنىغا زىت قىلىپ قويماسلىق، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈزۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىجرا قىلىشقا، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قولايلىق قىلىپ تۈزۈش لازىم. «سايلام چارىسى» نى قانداق قىلىپ ياخشى تۈزۈش بۇ قېتىمقى كۇرستا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسى «سايلام چارىسى» (ئورىگىنال) نى يېزىپ چىقتى، كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى ھەم قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىجرا قىلىشقا قولايلىق قىلىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 5. ئۆز مىللىتى ئىچىدە پەرقلىق سان بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم

«ھەر قايسى مىللەت نامزاتلىرى شۇ مىللەت ئىچىدە پەرقلىق سان بويىچە سايلىنىدۇ». شۇ يەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئاھالىسى بىر قەدەر ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭ شۇ يەردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىدىن قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندىكى ۋەكىللىرى بولۇشى

غا، بىر قانچە ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى خادىملىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئەمەلىيىتىدە يارىتىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە، بۇنى ھەر مىللەت خەلقى ھىمايە قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، بىز يەنىلا ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، سايلام قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سايلىمىغا دائىر بەلگىلىمىلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، «ھەر قايسى مىللەت نامزاتلىرىنى شۇ مىللەت ئىچىدە پەرقلىق سان بويىچە سايلاش» تا چىڭ تۇرۇشىمىز، بەزى جايلاردا يۈز بېرىدىغان ئاھالىسى كۆپ مىللەت ئاھالىسى ئاز مىللەتنىڭ ۋەكىل سانىنى ئىگىلىۋالىدىغان ئەھۋالنى قەتئىي تۈزىتىشىمىز لازىم. ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلىغاندا، سايلام بېلىتىگە مەلۇم ۋەزىپىگە مەلۇم مىللەتتىن سايلىنىدىغان ئادەم سانى، نامزاتلار سانىنى ئىزاھلاپ قويۇشقا بولىدۇ. مەلۇم مىللەتتىن سايلاشقا تېگىشلىك رەھبەر سايلانماي قالسا، ياكى مەلۇم مىللەتتىن سايلانغان رەھبەر سايلاشقا تېگىشلىك سانغا يەتمىسە، كەم قالغان سان ئۈچۈن قايتا سايلام ئۆتكۈزۈش كېرەك، قايتا سايلام ئېلىپ بارغاندا، باشقا مىللەتنىڭ خادىملىرىنىڭ بۇ سانىنى ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ.

**6. قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك**

سايلام قانۇنىنىڭ 52 - ماددىسىدا سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى قانداق جازالاش ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا تۈزىتىلىپ ماقۇللانغان «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 256 - ماددىسىدىمۇ مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام چارىسى نىزامى» (سىناق نۇسخا) نىڭ 117 - ماددىسىدا پارتىيە ئەزالىرى ياكى خەلقنىڭ سايلاش ھوقۇقىغا دەخلى قىلىش قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. سايلامدا كۆرۈلگەن قانۇنغا ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قانۇن، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن قەتئىي ساقلىنىش ۋە يۇكسەك ھوشيار بولۇش كېرەك، بۇ كىشىلەرنىڭ يەرلىك دۆلەت ئورگىنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

**7. تۆت مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**

بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئوبدان ئۆتكۈزىمىز دەيدىكەنمىز، تۆۋەندىكى تۆت مۇناسىۋەتنىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1. كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش بىلەن كادىرلارنى قانۇن بويىچە سايلاش، تەيىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپى مۇھىم تەشكىلىي پرىنسىپ بولۇپ، پارتىيىنىڭ دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تونۇشى چوقۇم ئېنىق بولۇشى، پوزىتسىيىسى قەتئىي بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدا قىلچە مۈجمەللىك قىلىشقا بولمايدۇ.

كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش بىلەن كادىرلارنى خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن بويىچە سايلاش، تەيىنلەش بىردەكلىككە ئىگە. بۇ بىردەكلىك ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمى، پرىنسىپى، مەقسىتىنىڭ بىردەكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى

ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى خادىملىرى پارتكومنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ۋە مۇھىم پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە پارتىيە بىلەن بىردەك بولۇش ھەمدە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شۇ دەرىجىلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، زور مەسىلىلەر، بولۇپمۇ كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر ئىنكاس ۋە پىكىرلەرنى ۋاقتىدا پارتكومغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلاردىن يوليورۇق سورىشى كېرەك. ۋەكىل سايلاشتا بولسۇن ياكى رەھبەرلىك بەنزىسىنى سايلاشتا بولسۇن، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتى تارمىقى پارتىيىنىڭ تەشكىلات تارمىقى بىلەن پائال ماسلىشىشى، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرگە پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، پارتكوم كۆرسەتكەن نامزاتنى ئەستايىدىل تونۇشتۇرۇپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

2. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشتە پارتىيە رەھبەرلىكى — ئاچقۇچ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش — ئاساس، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش — كاپالەت. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە، بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر نامزاتىنى پارتكوم كۆرسەتسە «دېموكراتىك بولمىدى»، «ۋەكىللەر كۆرسەتكەن نامزاتلاردىن سايلانغىنى قانچە كۆپ بولسا، بېلەت ساندۇقىدىن چىققىنى قانچە كۆپ بولسا، پارتكوم كۆرسەتكەن نامزاتلاردىن سايلانماي قالغىنى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە دېموكراتىك بولىدۇ» دەپ قاراش پۈتۈنلەي خاتا. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە ئاساسلىقى سايلانغان رەھبەرنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا، سايلام نەتىجىسىنىڭ بىر جاينىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئوبدان كادىرلار سايلانسا، سايلامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى شۇ. سايلانغان كادىر ئوبدان بولمىسا، ئۇلار ۋەزىپە ئۆتەش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، ھەتتا ئۇلاردا ئېغىر مەسىلە بولسا، سايلام شەكلى قانۇنلۇق بولغان تەقدىردىمۇ سايلامنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دېگىلى بولمايدۇ. ئۆتكەندىكى سايلام خىزمىتى تەجرىبىلىرى پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغانلىكى جايلارنىڭ سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بولسا، خاتالىق كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. يولداشلارنىڭ ھەممىسى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى كونكرېت يولغا قويىدىغان ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەرلەر، بىز پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشىمىز، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىمىز، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھالقىمۇھالقا ئوبدان تۇتۇپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

3. دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىلەر، ھەيئەت رىياسەت نامزات كۆرسىتىش بىلەن سايلىغۇچىلار، ۋەكىللەر بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

نامزات كۆرسىتىش مەسىلىسىدە، پارتىيىلەر، تەشكىلاتلار ياكى ھەيئەت رىياسەت كۆرسەتكەن نامزات بىلەن سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزاتلارغا تەڭ قاراپ، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرگە قانۇندا بەلگىلەنگەن دېموكراتىيە ھوقۇقىنىڭ چىنلىقىنى، مۇھىملىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيىلەر، تەشكىلاتلار ۋە ھەيئەت رىياسەت كۆرسەتكەن نامزات، سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر قانۇن بويىچە بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزاتنىڭ ھەممىسىنى نامزاتلار ئىسملىكىگە كىرگۈزۈپ، بارلىق سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرنىڭ غۇلغۇلا، مۇزاكىرە قىلىشى، كېڭىشىشىگە تاپشۇرۇش كېرەك، ھەر قانداق ئورۇن، تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ نامزات بەلگىلەش ۋە نامزاتنى خالىغانچە كۆپەيتىش، ئازايتىش، ئالماشتۇرۇش ھوقۇقى يوق. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 95 -، 96 - يىللىرىدىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ سانىدىكى ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ھەممىسى بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىپ، بۇنى بىر قەدەر ياخشى ئىگىلىگەنىدى، بىراق ئايرىم جايلاردا بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا دېگەندەك ھۆرمەت قىلماسلىق، ۋەكىللەرنىڭ نامزات كۆرسىتىش ھوقۇقىنى ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق چەكلەش؛ نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بەك ئاددىي تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار، بۇ مەسىلىلەرنىڭ تولىسى خىزمەت مەسىلىسى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يەنىلا كۆپرەك ئالاقىلىشىش، كېڭىشىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغىمۇ ھەم پارتىيىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىمۇ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

4. مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن سايلام ھەيئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

سايلام قانۇنىنىڭ 7 - ماددىسىدا: «رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ» دەپ بەلگىلىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن سايلام ھەيئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن رەھبەرلىك قىلىنىش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. سايلامدا، ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سايلامغا دائىر قانۇن، يەرلىك نىزاملار، يۇقىرى دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرى ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ ناھىيە دەرىجىلىك سايلام ھەيئەتلىرى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتتىن مەلۇمات بېرىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يولداشلار: بۇ يىل ۋە كېلەر يىلدىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدىكى ۋەزىپە ئېغىر، مەسئۇلىيەت زور. بىراق، پۈتكۈل چوڭ مۇھىت نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىمىز. مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى تۆۋەنگە تارقىتىلدى، چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلەر بەلگىلەندى، دېمەك، ھەممە تەييارلىق پۈتتى، ئەمدىكى گەپ تىرىشىپ ئەستايىدىل ئىشلىشىمىزگە باغلىق. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، تىرىشىپ ئىشلەپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇندىشىمىز كېرەك.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى تەقسىملەش ۋە ئۇلارنى سايلاش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى

1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 - يىغىنىدا ماقۇللاندى

8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى 550 نەپەر بولىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىش ۋە سايلام مەسىلىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە قارار چىقىرىلدى:

1. ئاپتونوم ئوبلاستلار، رايون بار شەھەرلەر ۋە ئالاقىدار ناھىيىلەر، ئاپتونوم ناھىيىلەر، رايونسىز شەھەرلەردىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىللەرنىڭ سانى يېزىلاردا ھەر 84 مىڭ 232 كىشىدىن بىر ۋەكىل، شەھەر - بازارلاردا ھەر 21 مىڭ 58 كىشىدىن بىر ۋەكىل سايلاش (ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يېزىلار ۋە شەھەر - بازارلار نوپۇس سانى ئاساس قىلىنىدۇ) پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلىندى.

نوپۇسى بەك ئاز ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ۋەكىل سانى ئىككىدىن كەم بولمايدۇ.

2. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىل 25 نەپەر بولىدۇ.

3. ئۇيغۇرلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىللەر سانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 43.64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىللەر سانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىللەر سانى ئومۇمىي سانىنىڭ 22.36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نوپۇسى بەك ئاز مىللەتلەرگە ۋەكىل سانى جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىدۇ.

4. نوپۇسى بەك ئاز ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيىلەردىن، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نوپۇسى بەك ئاز مىللەتلەردىن، ھەر قايسى ساھەدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك زاتلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن رايونلاردىن ۋە خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن مۇۋاپىق ساندا ۋەكىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىدىن مەلۇم سانىنى قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەھۋالغا قاراپ ئاپتونوم ئوبلاستلار، رايون بار شەھەرلەر ۋە ئالاقىدار

ناھىيىلەر، ئاپتونوم ناھىيىلەر، رايونسىز شەھەرلەرنىڭ سايلىنىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

5. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، بەلگىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىقتىدارى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى بولۇشى، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

6. ئاپتونوم ئوبلاستلار، رايون بار شەھەرلەر، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدىكى ناھىيىلەر، ئاپتونوم ناھىيىلەر، رايونسىز شەھەرلەر، شىخەنزە شەھىرى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى 1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سايلاپ چىقىشى كېرەك.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىل سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر سانى توغرىسىدىكى قارارى

**1997 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 ـ يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ سانىنى تۆۋەندىكىچە بېكىتتى:

ئۈرۈمچى شەھىرى: ۋەكىل 326، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 35

تيانشان رايونى: ۋەكىل 224، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

سايباغ رايونى: ۋەكىل 216، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

تودۇڭخابا رايونى: ۋەكىل 149، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

شىمىگو رايونى: ۋەكىل 142، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

يېڭى شەھەر رايونى: ۋەكىل 186، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

نەنسەن كان رايونى: ۋەكىل 80، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 11

دۆڭشەن رايونى: ۋەكىل 144، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

ئۈرۈمچى ناھىيىسى: ۋەكىل 176، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

قاراماي شەھىرى: ۋەكىل 252، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 25

قاراماي رايونى: ۋەكىل 163، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

مايتاغ رايونى: ۋەكىل 115، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

جەرەنبۇلاق رايونى: ۋەكىل 132، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 13

ئۇرقۇ رايونى: ۋەكىل 87، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 11

شىخەنزە شەھىرى: ۋەكىل 200، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى: ۋەكىل 454، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 39

كۈيتۇن شەھىرى: ۋەكىل 140، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

غۇلجا شەھىرى: ۋەكىل 198، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

غۇلجا ناھىيىسى: ۋەكىل 223، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 23

قورغاس ناھىيىسى: ۋەكىل 216، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

نىلقا ناھىيىسى: ۋەكىل 155، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى: ۋەكىل 157، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

تېكەس ناھىيىسى: ۋەكىل 57، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

توققۇزتارا ناھىيىسى: ۋەكىل 157، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

كۈنەس ناھىيىسى: ۋەكىل 190، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى: ۋەكىل 174، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

چۆچەك شەھىرى: ۋەكىل 156، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

دۆربىلجىن ناھىيىسى: ۋەكىل 164، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

چاغانتوقاي ناھىيىسى: ۋەكىل 130، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 13

تولى ناھىيىسى: ۋەكىل 143، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

شىخۇ ناھىيىسى: ۋەكىل 193، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

ساۋەن ناھىيىسى: ۋەكىل 215، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى: ۋەكىل 139، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

ئالتاي شەھىرى: ۋەكىل 169، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

قابا ناھىيىسى: ۋەكىل 141، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

بۇرچىن ناھىيىسى: ۋەكىل 140، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

جېمىنەي ناھىيىسى: ۋەكىل 115، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 13

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى: ۋەكىل 143، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

كۆكتوقاي ناھىيىسى: ۋەكىل 136، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

چىڭگىل ناھىيىسى: ۋەكىل 130، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

**بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى:** ۋەكىل 240، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 29

بورتالا شەھىرى: ۋەكىل 167، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

جىڭ ناھىيىسى: ۋەكىل 144، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

ئارىشاڭ ناھىيىسى: ۋەكىل 135، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

**سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى:** ۋەكىل 352، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 33

سانجى شەھىرى: ۋەكىل 201، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

مىچۈەن شەھىرى: ۋەكىل 161، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

ماناس ناھىيىسى: ۋەكىل 193، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

قۇتۇبى ناھىيىسى: ۋەكىل 166، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

فۇكاڭ شەھىرى: ۋەكىل 156، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

جىمسار ناھىيىسى: ۋەكىل 153، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

گۇچۇڭ ناھىيىسى: ۋەكىل 190، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى: ۋەكىل 145، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

تۇرپان شەھىرى: ۋەكىل 185، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 23

توقسۇن ناھىيىسى: ۋەكىل 141، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

پىچان ناھىيىسى: ۋەكىل 171، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

قۇمۇل شەھىرى: ۋەكىل 213، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى: ۋەكىل 86، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى: ۋەكىل 148، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

**بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى:** ۋەكىل 336، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 33

كورلا شەھىرى: ۋەكىل 195، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 23

خېجىڭ ناھىيىسى: ۋەكىل 165، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

خوشۇت ناھىيىسى: ۋەكىل 132، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

باغراش ناھىيىسى: ۋەكىل 130، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

بۆگۈر ناھىيىسى: ۋەكىل 138، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

لوپنۇر ناھىيىسى: ۋەكىل 139، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

چاقىلىق ناھىيىسى: ۋەكىل 99، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 13

چەرچەن ناھىيىسى: ۋەكىل 119، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى: ۋەكىل 168، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

ئاقسۇ شەھىرى: ۋەكىل 230، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى: ۋەكىل 170، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

باي ناھىيىسى: ۋەكىل 170، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 23

كۇچا ناھىيىسى: ۋەكىل 240، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 23

توقسۇ ناھىيىسى: ۋەكىل 152، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

شايار ناھىيىسى: ۋەكىل 173، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

ئۈچتۇرپان ناھىيىسى: ۋەكىل 164، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

ئاۋات ناھىيىسى: ۋەكىل 163، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 21

كەلپىن ناھىيىسى: ۋەكىل 93، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

**قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى:** ۋەكىل 257، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 25

ئاتۇش شەھىرى: ۋەكىل 165، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

ئاقچى ناھىيىسى: ۋەكىل 111، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

ئۇلۇغچات ناھىيىسى: ۋەكىل 115، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

ئاقتو ناھىيىسى: ۋەكىل 159، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

قەشقەر شەھىرى: ۋەكىل 179، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى: ۋەكىل 225، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى: ۋەكىل 194، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

مارالبېشى ناھىيىسى: ۋەكىل 219، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

پەيزاۋات ناھىيىسى: ۋەكىل 199، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

يوپۇرغا ناھىيىسى: ۋەكىل 145، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 13

يېڭىسار ناھىيىسى: ۋەكىل 170، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

مەكىت ناھىيىسى: ۋەكىل 165، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

يەكەن ناھىيىسى: ۋەكىل 276، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 23

پوسكام ناھىيىسى: ۋەكىل 159، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

قاغىلىق ناھىيىسى: ۋەكىل 215، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى: ۋەكىل 120، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 17

خوتەن شەھىرى: ۋەكىل 158، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

خوتەن ناھىيىسى: ۋەكىل 184، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

گۇما ناھىيىسى: ۋەكىل 175، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

قاراقاش ناھىيىسى: ۋەكىل 226، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

لوپ ناھىيىسى: ۋەكىل 172، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

كېرىيە ناھىيىسى: ۋەكىل 167، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

چىرا ناھىيىسى: ۋەكىل 152، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 19

نىيە ناھىيىسى: ۋەكىل 110، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 15

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى

**1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 - يىغىنىدا ماقۇللاندى**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 - يىغىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى 1998 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تاماملاشنى قارار قىلدى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى نىزامى

(1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(8 — 63 - نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى نىزامى» 1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىدا ماقۇللاندى. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

1 - ماددا بۇ نىزام شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى — ھەر مىللەت پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلق تەشكىلاتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەر مىللەت پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم ئىجتىمائىي كۈچ.

3 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە دائىر ئاساسىي فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە كېڭىيىشىنى، ئەمگەكچىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتىلىشىنى، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئۈنۈملۈك بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

4 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

5 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن، نىزاملار ۋە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە، مۇستەقىل ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك.

6 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە مەدەت بېرىشى، ئۇنىڭ پەن -

تېخنىكنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئۇنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

7 - ماددا ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆزىگە قاراشلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى ھەمدە مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملىرىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلىشى كېرەك.

8 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆزىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى (تۆۋەندە ئىلمىي جەمئىيەت دېيىلىدۇ) ۋە بىر دەرىجە تۆۋەن پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىن تەركىب تاپىدۇ.

ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆزىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئاساسىي قاتلام پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش تەشكىلاتىدىن تەركىب تاپىدۇ.

9 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى كومىتېتى تەڭ دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلتىيىدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تۆۋەن دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئورگىنى دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇلىدۇ.

10 - ماددا يېزا (بازار)، كوچا، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار قۇرغان پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى شۇنىڭدەك يېزىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ شەھەر - يېزىلاردا ئاممىۋى پەن - تېخنىكا ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدىغان، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇلارغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەشكىلىي تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تورلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

11 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ھەر مىللەت پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشى، پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىزدىنىدىغان ۋە ھەمكارلىشىدىغان ئىلمىي روھنى ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھالال ئەمگەك قىلىدىغان، ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەيدىغان، زېچ ھەمكارلىشىدىغان كەسپىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشى، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك.

12 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەدبىرنىڭ ئىلمىي ۋە دېموكراتىك ئاساستا بەلگىلىنىشىگە تۆرتكە بولۇشى كېرەك.

پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

13 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يەرلىكنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ۋە خەلق ئىگىلىكى ھەم ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى، چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى، پەن - تېخنىكا سىياسىتى ۋە نىزامىنى بېكىتىشى ھەم يولغا قويۇشى جەھەتتە ئىلمىي دەلىللەش ۋە تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىدۇ.

14 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ياكى ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر دۆلەت ئورگىنى ياكى ئالاقىدار تەشكىلاتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئالاقىدار ئالىم، تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى سالاھىيىتىنى باھالاش، پەن - تېخنىكا تۈرىنى باھالاش، نەتىجىسىنى بېكىتىش، تېخنىكا ئۆلچىمىنى بەلگىلەش ۋە ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارغا قاتنىشىشقا ياكى ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەشكىللىسە ياكى كۆرسەتسە بولىدۇ.

15 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆزىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت ۋە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرى، ئىلمىي تەشكىلاتلار ۋە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەل ئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

16 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئىلمى جەمئىيەتلەر كۆپ قاتلام، كۆپ شەكىل ۋە كۆپ كەسىپ بويىچە تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى، نادىر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالىشى، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تونۇشتۇرۇشى، ھەر مىللەت پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسى ۋە كەسىپ - ئىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

17 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر دائىملىق، ئاممىۋى ۋە ئىجتىمائىي پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەر، يېزىلاردىكى كادىرلار، ئامما ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پەننى بىلىم، ئىلمىي ئۇسۇل ۋە پەننىي ئىدىيىنى تارقىتىپ، پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

18 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېزىلىق (بازارلىق) پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، يېزىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىنى تارقىتىشىغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

19 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆزىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كارخانا بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، كارخانا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق تەكلىپ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئۇسكۇنە يېڭىلىشىغا، ئىلمىي باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

20 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، پەن - تېخنىكا تەشكىلاتى ۋە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئۇلار ئىشلەيدىغان ئورۇنغا ياكى ئالاقىدار تارماققا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزسە، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋەكىل ئەۋەتىپ تەكشۈرسە بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالاقىدار تارماق ياردەملىشىشى كېرەك.

21 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىلىم ئالماشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش مۇئەسسەسەلىرىنى شۇ جاينىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

22 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللىشى، چەت - ياقا ۋە نامرات رايونلارنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تەھرىرلەش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇشى كېرەك.

23 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ مەخسۇس خادىملىرى ئۆزى ئىشلەيدىغان ئورۇندىكى تەڭ دەرىجىدىكى خادىملار بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ياكى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىنىش، مائاش - پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي سوغۇرتا قاتارلىق

جەھەتلەردە ئۆزى ئىشلەيدىغان ئورۇندىكى باشقا خىزمەتچىلەر بىلەن تەڭ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ياكى ئىلمىي جەمئىيەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى شۇ كىشىنىڭ سىناش ئارخىپىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

24 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىراجەت مەنبەسى:

(1) ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەمۇرىي خىراجەت، كەسپىي خىراجەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى قاتارلىق مەخسۇس خىراجەتلىرىدىن ئاجرىتىلغان پۇل؛

(2) مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر، شەخسلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمى، ئىئانىسى؛

(3) تەشكىلات ئەزالىرى تاپشۇرغان ئەزالىق بەدىلى؛

(4) پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تاپاۋەت كىرىمى ۋە ھەقلىق مۇلازىمەت كىرىمى؛

(5) باشقا قانۇنىي كىرىمى.

25 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتى، كەسپىي خىراجىتى تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈشى ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا يارىشا تەدرىجىي كۆپەيتىلىشى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى سېلىنمىسىغا ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئۇنى يىلمۇيىل كۆپەيتىشى؛ نامرات رايونلارغا پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى جەھەتتە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

26 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەقلىق مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇشىغا؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش فوندى، پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش فوندى ۋە مۇكاپات فوندى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

27 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۈلكىنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا ياكى خالىغانچە يۆتكىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ مۈلكىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

28 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى خىراجەت چىقىمىدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

29 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدە ۋە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتىدە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى كېرەك.

30 ـ ماددا ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخس تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، ئالاقىدار تارماق ئەھۋالغا قاراپ ئالاقىدار جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغانلىرىنى تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش؛

(2) پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى تەشكىلاتنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىش؛

(3) پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى پەن ـ تېخنىكا تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت ۋە پائالىيەتنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشىنى قانۇنسىز چەكلەش؛

(4) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە كاشىلا قىلىش؛

(5) پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىراجىتىنى خىيانەت قىلىش ياكى ئىشلىتىۋېلىش، قەستەن قىلىش، تۇتۇپ قېلىش؛

(داۋامى 52 ـ بەتتە)

# مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى

☆ ئابلىمىت توختى ☆

مەدەنىيەت كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئىستىھكامى بولۇپ، مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ۋە ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. مەدەنىيەت كارخانىلىرى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى، نامرات رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى قاتارلىق ئامىللار تۇپەيلىدىن ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى مەدەنىيەت كارخانىلىرى فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە، مەمۇرىي مەھسۇلاتلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ماددىي مەھسۇلاتلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر قىسىم مەدەنىيەت كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە ئاران كاپالەتلىك قىلىپ، سېرىق تال كۈن ئۆتكۈزسە، يەنە بەزى مەدەنىيەت كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە قەرزگە بوغۇلۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

مەدەنىيەت كارخانىلىرى ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئائىت بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا ئېنىق قىلىپ: «مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئەڭ ياخشى بىرلىشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىسلاھاتتا ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەپ، دۆلەت، ئورۇن، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۆلەت مۇھىم نۇقتىلارغا كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ھەم رىقابەتلىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان، ھەم مەسئۇلىيەت چەكلىمىسى بولغان مېخانىزمنى تۇرغۇزۇش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك.» دەپ كۆرسىتىلدى. مەدەنىيەت كارخانىلىرى ئىككى مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ يېتەكلەش، ئىلگىرى سۈرۈش
رولىغا ئىگە بولغاچقا، دۆلەت ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت-
نىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئەرزىيدۇ. ھازىرقى رېئال
ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ناھىيە مەركىزىدىكى كى-
نوخانىلاردا قويۇلغان كىنولار كىرىمى چىقىمىنى
قامدىيالمايدىغان ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت.
بىر قىسىم پەننىي، تەربىيىۋى فىلىملەرنى كۆر-
سىتىش مۇمكىنچىلىكى يوق، مۇناسىۋەتلىك تار-
ماق ۋە ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى، ھەق يىغىش
يوللىرى راۋان ئەمەس، كىنوخانىلارنى يۆلەش ئو-
ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھالال مېھنىتى
بەدىلىگە ھەق قايتۇرماسلىق، قىسمەن ئەھۋاللىرى-
مۇ ساقلاندى. يېزا - بازارلاردىكى كىنو ئەترەتلى-
رى بازارغا يۈزلەنسىمۇ، بېلەت سېتىپ كىنو قو-
يىدىغان زال ياكى ئورۇن بولمىغاچقا ھەق ئەسلى-
سىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. شىنخۇا
كىتابخانىلىرى ئاممىغا ئەڭ ياخشى كىتابلارنى يەت-
كۈزۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، نۇرغۇن سىيا-
سىي، پەننىي كىتابلارنى، جۈملىدىن ۋەتەنپەرۋەر-
لىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە-
سىگە ئائىت كىتاب، رەسىملەرنى، ئاساسىي قاتلام
پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ زۆ-
رۈر ئوقۇشلۇق كىتابلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋې-
لىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، مەدەنىيەت كارخانىلىرى-
دا ئوبوروتنىڭ راۋان بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،
مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىش
لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن، مەدەنىيەت كارخانىلى-
رىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇ-
تۇپ، ئەسلىھە، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ
سېلىشتىن ئايانماسلىقى، مەدەنىيەت كارخانىلىرى-
نى نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىدىغان كارخانىلار قاتا-
رىغا كىرگۈزۈپ، ياردەم مەبلەغ، ئۆسۈمسىز قەرز
بىلەن تەمىنلەش؛ باجنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە نىس-
بەتنى تۆۋەنلىتىش، پايدىنى كارخانىلارغا ئۆتۈنۈپ
بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ۋە ئىزچىللاش-
تۇرۇش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەت
كارخانىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەمۇرىي
تارماقلار مەدەنىيەت كارخانىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈ-
رۈش، ئۇلارنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن تەمتى-
رىتىپ قويۇش ئورنىغا، مۇلازىمەت قىلىش يۆنى-
لىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت كارخانىلىرىغا
كۆپرەك ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ مۇش-
كۈلىنى ئاسان قىلىشقا يېقىندىن ياردەم بېرىشى،
ھالقىلىق پەيتلەردە قىيىن ئەھۋاللاردىن قۇتۇلۇپ،
روناق تېپىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشى لازىم.
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەدە-
نىيەت كارخانىلىرىمۇ ئوخشاشلا بازارغا يۈزلىنى-
شى، ئەڭ نادىر مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق با-
زار رىقابىتىدە غالىب كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئار-
تۇقچىلىقلىرىنى نامايان قىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈ-
چۈن مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇر-
غۇچى تارماقلار خىزمەت فۇنكسىيىسىنى باشقۇ-
رۇشتىن مۇلازىمەت قىلىشقا بۇراپ، مەدەنىيەت
كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئى-
گىلىشىگە پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى،
ئۇلارنىڭ ئوردىغا چاپماي، بازارغا چېپىشىغا يې-
شىل چىراغ يېقىپ بېرىشى لازىم.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت كارخا-
نىلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىنىڭ مۇھىم ئىستىھكامى. سوتسىيالىزم شارا-
ئىتىدا مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى داۋاملىق تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش ۋە يۆلەش — سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ،
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئو-
مۇميۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ جىددىي
ئېھتىياجى. شۇڭا، ئۇنى سىياسەت ۋە ماددىي جە-
ھەتتىن قوللاش ھەم مەدەت بېرىش كېرەك.

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىلىك
مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)



# مەمۇرىي توختاملارنى قانۇن چىقىرىپ قېلىپلاشتۇرۇش لازىم

☆ جاڭ شياڭجيۇ ☆

قانۇن چىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى چۆرىدەپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى مەمۇرىي قانۇنلار ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەمۇرىي قانۇن چىقىرىش گۇرۇپپىسى بۇ يىل يىل بېشىدا «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» نى تۈزۈشنى بۇ يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈپ، «مەمۇرىي توختام قانۇنى» ، «مەمۇرىي تەرتىپ قانۇنى» قاتارلىق مەمۇرىي قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە لايىھە تەييارلاش خىزمىتى ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

ئەگەر مەمۇرىي توختامغا ئائىت مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋىتى سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىغا تېزدىن كىرگۈزۈلمىسە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئوڭۇشلۇق بەرپا قىلىش نىشانى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈر بولغان بىر خىل مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋىتى، يەنى مەمۇرىي توختام مۇناسىۋىتى زور مىقداردا مەيدانغا كەلدى.

مەمۇرىي توختام غەربىي چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىي قانۇنىدىكى بىر مۇھىم ئۇقۇم. مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا تايىنىپ، يەككە تەرەپنىڭ مەقسەت ئىپادىسىگە ئاساسەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش قارىمۇقارشى شەخسنىڭ قانۇنىي ئورنىنى قانۇن بويىچە قارار قىلىشتىن سىرت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى تەرەپ مەقسەت ئىپادىسىنىڭ بىردەكلىكى شەرتى ئاستىدا، قارشى تەرەپ بىلەن كېلىشىم بويىچە مەلۇم ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ قوللىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ: مەمۇرىي توختام — مەمۇرىي ئورگانلار ئوتتۇرىسىدا، مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا، ئىككى تەرەپ مەقسەت ئىپادىسىنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا قانۇن بويىچە تۈزگەن، ئىككى تەرەپنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدە تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان كېلىشىم. ئۇ توختام تۈزۈمىدىكى بىر يېڭى كاتېگورىيە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا نۇرغۇنلىغان مەمۇرىي توختام مۇناسىۋەتلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، پىلانلىق تۇغۇت توختامى، يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى، ئاشلىق، پاختا زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش توختامى، بىخەتەرلىك قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى توختامى، ئوت ئۆچۈرۈش توختامى، ۋەدە بېرىش تۈزۈمى توختامى، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش توختامى، ئۆي چېقىش - كۆچۈش توختامى، شەھەر قۇرۇلۇش ئېچىش توختامى ۋەھاكازا. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە دۆلەت مۇداپىئە مال زاكاز قىلىش توختامى، كۆمۈر، پولات مال زاكاز قىلىش توختامى، ئېلېكتر بىلەن تەمىنلەش توختامى، ئىشلەپچىقىرىش ئەشيالىرى دۆلەت مال زاكاز قىلىش توختامى قاتار بىر قىسىم ئالاھىدە مەمۇرىي توختاملارمۇ بار. دۆلەت مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىشىگە ئەگە-

شىپ، بايلىق مەنبەسى مۇھىتىنى ئاسراش توختامىمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ توختاملارنىڭ بىر تەرىپى ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەمۇرىي ئورگان، توختامنىڭ مەزمۇنى قارشى تەرەپتىن كېلىشىمنى دۆلەت مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجى بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. مەمۇرىي توختاملارنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

مەمۇرىي توختام يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە پەيدا بولغان يېڭى شەيئىي بولۇپ، ھەق تەلەپ توختام تۈزۈمى، ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمىگە ئوخشاش قانۇن چىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان كۆپ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن تەجرىبە يوق. شۇڭا بەزىلەر مەمۇرىي توختامغا قارىتا ئايرىم قانۇن چىقىرىشنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ توختام قانۇنىدا مەمۇرىي توختامنى تىلغا ئالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئايرىم مەمۇرىي توختام چىقىرىش توغرا بولسىمۇ، چوڭ توختام قانۇنىدا مەمۇرىي توختامنى تىلغا ئالماسلىق مۇۋاپىق ئەمەس.

ئايرىم «مەمۇرىي توختام قانۇنى» نى تۈزۈشتە ھازىر شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەچكە، باشقا بىر مۇۋاپىقراق چارە ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىرلىككە كەلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» نىڭ توختامنىڭ تۈرلىرى بابىدا مەمۇرىي توختامنى تىلغا ئېلىپ، ئەمما كونكرېت بەلگىلىمە چىقارماسلىق ياكى چوڭ توختام قانۇنىنىڭ مۇۋاپىق باب، پاراگرافلىرىغا «مەمۇرىي توختامغا قارىتا ئايرىم قانۇن تۈزۈلىدۇ» دەپ بىر ماددا يېزىپ قويۇش، خۇددى 1982 - يىلى تۈزۈلگەن «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» نىڭ 3 - ماددا 2 - تارمىقىدا مەمۇرىي دەۋانى تىلغا ئېلىپ كونكرېت بەلگىلىمە چىقارمىغانغا ئوخشاش ئاۋۋال يوشۇرما قىلىپ، كەلگۈسىدە شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئايرىم «مەمۇرىي توختام قانۇنى» تۈزۈش ئۈچۈن يول ئېچىشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا قانۇن چىقىرىش جەريانىدا بىر نەچچە يىلدىن كېيىن پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىر قاتار مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1997 - يىل 6 - سېنتەبىر سانىدىن)

تۇرسۇن ئابدىلىم (ت)

---

△ قانۇننى بىلمەسلىك — ھەرقانداق كىشىنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. — ئەنگلىيە

△ يامانلىق ئۇرۇغىنى تېرىغان ئىكەنسەن، ياخشىلىق مېۋىسىدىن ئۈمىد كۈتمە. — ئەرەب

△ يامانلىق قىلغان كىشى ئاسمانغا چىقىۋالسىمۇ، جازالىنىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. — ئىران

△ مۇكەممەل بولمىغان قانۇننىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. — ئەنگلىيە

△ كىشىلەرنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى — بىلمەسلىكتىن ئەمەس، بەلكى ھەممىنى بىلىمەن دەپ قارىغانلىقىدىن بولىدۇ. — فرانسىيە

△ ئۈچەيدىن ياسىغان زەنجىر بىلەن ئىت باغلىغىلى بولمايدۇ. — ئەنگلىيە

△ دوستلارغا نەپرەتلەنگەنلىك — دۈشمەنلەرگە ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. — ئەنگلىيە

△ يامان ئىشنى ماختاش — ئالدامچى ۋە رەزىل كىشىلەرنىڭ نەيرىڭىدۇر. — گرېتسىيە

رەھىم يۈسۈپ تەييارلىغان

سوئال: سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ ۋەكىل نامزاتلى-رىنى كۆرسىتىشتە، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى ۋەزى-پىگە تەيىنلەش تىزامى ۋە ۋە-زىپىگە تەيىنلىمەكچى بولغان ۋەزىپە شەرتى بويىچە ئۆلچەم قىلىشى كېرەكمۇ؟

جاۋاب: دۆلىتىمىزنىڭ سايلام قانۇنىغا ئاساسەن، پارتىيە - گورۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى كۆرسەتكەن نامزاتلار ۋە سايلىغۇ-چىلاردىن ئوندىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزاتلار قانۇن جەھەتتە باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا، تەشۋىقات باسقۇچىدا، «پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويۇش خىزمىتى ۋاقىتلىق تىزامى» نىڭ روھىنى ۋەكىللەرگە ئىگىلىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىرلىشىپ نامزات كۆرسەتكۈچە-لەرنىڭمۇ سايلىغۇچىلارنىڭ ۋەزى-پىگە تەيىنلىنىش شەرتى بويىچە سايلامغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى نە-زەردە تۇتۇپ، شەرتلەرگە سېلىپ كۆرگەندىن كېيىن بىرلىشىپ ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قوي-غانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. شۇ-ڭا، بۇنداقلارمۇ ۋەكىل نامزاتلى-رى ئىسمىلىكىگە كىرگۈزۈلۈ-شى، ۋەكىللەرنىڭ غولغۇلا، مۇ-زاكىرە قىلىشقا قويۇلۇشى ياكى تەييارلىق سايلىمىغا قويۇلۇشى كېرەك.

سوئال: دېموكراتىك پارتىيە - گورۇھلارنىڭ ××

# نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىدىن سوئال - جاۋابلار

ياچېيكىلىرى ۋەكىل نام-زاتلىرىنى كۆرسىتىشكە بو-لامدۇ؟

جاۋاب: «سايلام قانۇنى» نىڭ 29 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدا «پارتىيە - گورۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋەكىل نام-زاتلىرىنى بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا كۆرسەتسىمۇ بولى-دۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بىۋاسىتە سايلامدا قايسى دەرىجىلىك پارتىيە - گورۇھ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى-نىڭ ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆر-سىتىش ھوقۇقى بار، دېگەن مە-سىلە توغرىسىدا قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق، شۇڭا بۇ ئىشتا، ئەڭ دەرىجىلىك ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە - گورۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆرسى-تىشىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بو-لىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «خەلق تەشكىلاتلىرى» دېگىنى-مىز سايلام رايونىدىكى پارتىيە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئامما-ۋى تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ.

سوئال: سايلام ئېلىپ بارغاندا بىرلىشىپ كۆرسەت-كەن ۋەكىل نامزاتلىرىنى رەتكە قانداق تىزىش كېرەك؟

جاۋاب: بىرلىشىپ كۆر-سەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرىنى ۋە-كىل نامزاتلىرى ئىسمىلىكىگە كىرگۈزۈشتە ئىسىم - فامىلىسى خەت سانىنىڭ ئاز كۆپلۈكى بويى-چە تىزىش كېرەك.

سوئال: ئون ئادەم بىر-لىشىپ ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسەتكەندە، شۇ ۋەكىل نامزاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئەھۋالىنىڭ سەۋەبىنى ئېي-تىپ بېرەلمىسە، ئۇلارنى ۋە-كىل نامزاتى ھېسابلاشقا بو-لامدۇ - يوق؟ ئۇلارنى نام-زاتلىقتىن چىقىرىۋېتىشكە بولامدۇ - يوق؟

جاۋاب: قورۇلتاي ۋەكىل-لىرىنىڭ ۋەكىل نامزاتىنى چۈ-شىنىشكە قولايلىق بولۇش، نام-زات كۆرسىتىشنىڭ ئەستايىدىل-لىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەر-لىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىنىڭ تۆتىنچى تارمىقىدا: «نامزات كۆرسەتكۈچىلەر ۋەكىل نامزاتىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق تو-نۇشتۇرۇشى كېرەك» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. «ۋەكىل نامزاتى-نىڭ ئەھۋالى» ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلمىسىمۇ، لېكىن كەم دېگەندە ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلە-

سى، جىنسى، يېشى، ھازىرقى
خىزمەت ئورنى ۋە ئارتۇقچىلىقى
قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋالى چوقۇم
تونۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. كىم
كۆرسەتكەن بولسا شۇ كىشى تو-
نۇشتۇرۇشى كېرەك. ئۇن ئادەم
بىرلىشىپ كۆرسەتكەن ۋەكىل
نامزاتى ۋەكىل نامزاتى بويىچە
مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ساي-
لىنىدىغان ۋەكىل نامزاتىنى كۆر-
سەتكۈچىلەر رەت قىلمىغان بولسا
ياكى ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسەت-
كەن ئۇن كىشى پىكرىنى قايتۇ-
رۇۋالمىغان بولسا، ئۇلارنى نام-
زاتلىقتىن قالدۇرۇۋېتىشكە بول-
مايدۇ.

**سوئال: ئىچكىرى ئۆل-
كىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن
ئىشلەمچىلەر سايلىغۇچىلى-
رىنى قانداق تىزىملاش كې-
رەك؟**

جاۋاب: ئېقىپ يۈرگەن بۇ
خىل سايلىغۇچىلار نوپۇسى تۇ-
رۇشلۇق جايدا تىزىمغا ئالدۇرۇ-
شى كېرەك.

**سوئال: شىنجاڭغا ياردەم
بېرىش ئۈچۈن بۇيرۇق بىلەن
كەلگەن ۋە ۋەزىپە ئۆتەپ كەل-
گەن كادىرلار، پەن - تېخنى-
كا مۇئاۋىن ھاكىملىرىساي-
لامغا قاتنىشامدۇ - يوق؟**

جاۋاب: ۋەزىپە ئۆتەش بى-
لەن تۆۋەنگە چۈشۈپ چېنىقىۋات-
قان كادىرلارنىڭ خىزمەتكە تەيىن-
لىنىشىدە قانۇن جەھەتتە ئالاھىدە
بەلگىلىمە بولمايدۇ. مۇئاۋىن ھا-
كىم بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كا-
دىرلارنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيىدا سايلاپ چىقىلىدۇ، قۇ-
رۇلتاي يېپىق مەزگىلىدىمۇ، نا-
ھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
تەيىنلىسە بولىدۇ. پەن - تېخنىكا
مۇئاۋىن ھاكىملىرى نۆۋەت ئالمى-
شىش سايلىمىدا، باشقا مۇئاۋىن
ھاكىملارغا ئوخشاش ناھىيىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ساي-
لىنىدۇ.

**سوئال: ناھىيە، شەھەر-
لەر ۋەكىللەر سانىنى تەقسىم
قىلغاندا، ناھىيىلىك قورال-
لىق بۆلۈملىرىگىمۇ ۋەكىل
سانى تەقسىم قىلىپ بەرسە
بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئاپتونوم رايوننىڭ
«يولغا قويۇش تەپسىلىي نىزامى»
نىڭ 15 - ماددىسىنىڭ ئۈچىنچى
تارمىقىدا «ناھىيە، ئاپتونوم نا-
ھىيە، رايون بولمىغان شەھەر،
شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئازادلىق
ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قى-
سىملىرىنىڭ مۇۋاپىق ۋەكىل سا-
نى بولۇشى كېرەك» دەپ بەلگى-
لەنگەن. ناھىيىلىك قوراللىق بۆ-
لۈمى ئارمىيە شتابىدا بولغىنى ئۈ-
چۈن، ناھىيە ۋەكىللىرىگە سان
تەقسىم قىلغاندا، يۇقىرىدىكى
بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن سان بې-
رىش كېرەك.

**سوئال: ئاۋاز بېرىش
سايلىمىدا، ئاۋاب بېرىشتىن
ۋاز كەچكەندىن كېيىن باش-
قىلارنى سايلىسىمۇ بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئاۋاز بېرىش ساي-
لىمىدا ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كې-
چىش سايلاش ھوقۇقىدىن ۋاز
كەچكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا،
ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەندىن كې-
يىن باشقا بىرسىنى سايلاشقا بول-
مايدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ساي-
لىنىشقا تېگىشلىك نامزات سانىدا
چۈشىنىش جەھەتتىكى مۇجمەل-
لىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سوئال: ×× ناھىيىنىڭ
پەرقلىق سان بىلەن بولىدى-
غان سايلىمىدا، ئايال ۋەكىل
سايلامدىن چۈشۈپ قېلىپ،
نىسبەتكە كېپىللىك قىلىش
تەس بولۇپ قالسا قانداق قى-
لىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئاپتونوم رايوننىڭ
«يولغا قويۇش تەپسىلىي نىزامى»
نىڭ 15 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى
تارمىقىدا «مۇۋاپىق ساندىكى ئايال
ۋەكىللەر بولۇشى كېرەك ھەمدە
ئايال ۋەكىللەرنىڭ سان نىسبىتى-
نى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش كې-
رەك. سايلام بولغاندا، ئاۋۋال
ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىل نامزاتى ۋە-
كىللەر نامزاتى ئومۇمىي سانىنىڭ
%25 تىن تۆۋەن بولماسلىقى كې-
رەك» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا،
ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك نىس-
بەتكە كەلگەندە، كۆپرەك خىز-
مەت ئىشلەش، كۆپرەك غۇلغۇلا
قىلىش، كېڭەشىش، نېمە ئۈچۈن
مۇشۇ ساھەدىكى ۋەكىللەرنىساي-
لايدىغانلىقىنى ئېنىق سۆزلەپ
چۈشەندۈرۈش، ئاۋاز بەرگەندە ۋە-
كىللەرنىڭ تولۇق ئويلىشىشىنى
قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەمما،
كونكرېت سايلىغۇچى سايلاشقا كا-
پالەت بېرىشكە تەلەپ قويۇشقا بول-
مايدۇ.

**سوئال: باشقا جايغا
يۆتكىلىپ كەتكەن شۇ نۆۋەت-
لىك ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك**

**سالاھىيىتى ساقلىنىپ قالامدۇ؟**

جاۋاب: «ۋەكىللەر قانۇنى» نىڭ 41 - ماددىسىدا «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ نوپۇسى يۆتكەلگەن ياكى ئۆزى تۇرۇشلۇق مەمۇرىي رايوندىن يۆتكەلگەندە، ئۇنىڭ ۋەكىل سالاھىيىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**سوئال: يېزا ۋەكىلى بولمىغان يېزا (بازارلىق) كادىرلار ناھىيىنىڭ ۋەكىل نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىلسە بولامدۇ - يوق؟**

جاۋاب: بولىدۇ.

**سوئال: مۇئاۋىن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ مىللەتتىن بولۇپ، ئۇلار پەرقسىز سان بويىچە كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇلارنى پەرقلىق سان بىلەن سايلاشقا بولامدۇ - يوق؟**

جاۋاب: سايلامدا پەرقلىق سان بويىچە سايلاشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي سان پەرقلىق سان بويىچە بولىدىغان سانغا يەتكەندىن كېيىن، مەلۇم بىر - ئىككى مىللەتنىڭ ۋەكىل نامزاتى پەرقسىز سان بويىچە سايلانسا بولىدۇ.

**سوئال: بىر كەنتتە بىر قانچە مىللەت بولغان بولسا، ۋەكىللەر سانى قانداق بېكىتىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: ئاپتونوم رايونىنىڭ «يولغا قويۇش تەپسىلىي نىزامى» نىڭ ئۈچىنچى باب 12 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە تۆتىنچى باب 18 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدىكى «ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللەر سانى يىغىنىنى ئىخچام، ئۈنۈملۈك ئېچىش، مۇزاكىرە قىلىش، مەسىلە ھەل قىلىشقا قولايلىق بولۇش ھەمدە ھەر مىللەت، ھەر قايسى جايلار ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىللىرى بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن» ، «ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ۋەكىل نامزاتلىرىنى سايلام ھەيئىتى كۆپرەك ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، شۇ جايدىكى مىللەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ساندا ۋەكىللەر بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن بېكىتىلىشى لازىم.

**سوئال: سايلام رايونىدا سايلام ئاپپاراتى قۇرۇلامدۇ - يوق؟**

جاۋاب: ئاپتونوم رايونىنىڭ «سايلام قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي نىزامى» نىڭ ئىككىنچى باب 9 - تارمىقىدا «سايلام رايونىدا سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ سايلام خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى سايلام كومىتېتى بېكىتىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن.

**سوئال: ھەم مۇئاۋىن شۇجى، ھەم مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغانلارنى ھەيئەت رىياسىتىگە كىرگۈزسە بولامدۇ - يوق؟**

جاۋاب: ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدىكى خادىملارنى ھەيئەت رىياسىتىگە كىرگۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرماسلىق كېرەك. شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغان ھۆكۈمەت خادىملىرى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلە قانۇندا بەلگىلەنمىگەن، بۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزلىرى بەلگىلىسە بولىدۇ.

**سوئال: پەرقلىق سان بويىچە كۆرسىتىلىدىغان نامزاتلارنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك؟**

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا، مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ ۋەكىل نامزاتى سايلاشقا تېگىشلىك بولغان ساندىن بىردىن ئۈچكىچە بولۇش كېرەك، شۇ دەرىجىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىنىڭ سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن كونكرېت پەرقلىق سانغا ئاساسەن، پەرقلىق سان بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر كۆرسىتىلگەن سايلام نامزاتلىرى سايلام قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پەرقلىق ساندىن ئېشىپ كەتسە، ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنىڭ غۇلغۇلا، مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، تەييارلىق سايلام ئېلىپ بېرىشى، تەييارلىق سايلامدا ئېرىشكەن ئاۋازنىڭ قانچىلىك بولغان تەرتىپىگە ئاساسەن، سايلام قانۇنىدا بەل-

گىلەنگەن پەرقلىق سانى بويىچە رەسمىي سايلام نامزاتىنىڭ ئىسمىلىكىنى بەلگىلەپ ئاندىن سايلام ئېلىپ بېرىش كېرەك.

يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان بىردىن ئۈچكىچە بولىدۇ، كونكرېت ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا سايلىنىدىغان ئادەم سانىنىڭ قانچىلىكلىكىگە ئاساسلىنىش خەلق قۇرۇلتىيى سايلام چارىسىدە كونكرېت بەلگىلەنگەن. نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن ئادەم ئىككى بولسا، بىر ئادەم پەرقلىق سان بويىچە بولىدۇ؛ ئەگەر سايلىنىدىغان ئادەم سانى تۆت بولسا، ئىككى ئادەم پەرقلىق سان بويىچە بولىدۇ؛ ئەگەر ئوتتۇرىغا قويىغان نامزات كۆپ بولسا، تەييارلىق سايلامغا سېلىش كېرەك. ئاز ساندىكى بىر قانچە ئادەملەرنىڭ سايلام نامزاتىدىكى قايسى بىر ئادەمنى ئۆزى بىلگىنىچە چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. تەييارلىق سايلامدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا قانۇنغا ئاساسەن، پەرقلىق سان بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**سوئال: يېڭى نۆۋەتلىك ناھىيە (شەھەر) نىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئېلىپ بارغاندا، يېزا (بازار) لار سايلام ئاپپاراتى قۇرۇشى كېرەكمۇ؟**

جاۋاب: ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمى بىۋاستە سايلام بولۇپ، ئۇنىڭدا سايلىغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، سايلام رايونىغا بۆلىدۇ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملايدۇ، ۋەكىل نامزاتلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تۈزىدۇ، ئاۋاز بېرىشكە تەشكىللەيدۇ، قاتارلىقلار. ناھايىتى ئىنچىكە بولغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا ناھىيە، يېزا سايلام كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئاپپاراتلار سالام خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ — سايلام خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا قولايلىق. «ئاپتونوم رايونىنىڭ يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نىڭ ئىككىنچى باب ئالتىنچى تارمىقىدا، يېزا - بازارلاردا يېزىلىق، بازارلىق سايلام كومىتېتى قۇرۇشقا بولىدۇ. ناھىيە، يېزا سايلام كومىتېتلىرىنىڭ خادىملىرى ئادەتتە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى، يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، پارتكوم تەشكىلات ئورگىنىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

تۇراخان ھۇسەين (ت)

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا - بازارلاردىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى جىددىي يىغىن ئېچىپ، 1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ «ئىلى ئوبلاستى، ۋىلايەت، غۇلجا شەھەرلىك كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزى» نى يەتكۈزۈپ، مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھۆججەت يەتكۈزۈشكە قاتناشقان ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بەس - بەستە تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى.

ھۆججەت يەتكۈزۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى باشلامچىلىق بىلەن يەتتە نۇقتىغا بۆلۈنۈپ تەسىراتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ۋەكىللىرىنى تەسىرات سۆزلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. شۇ ئارقىلىق، خەلق ۋەكىللىرى قىزغىنلىق بىلەن تەسىرات سۆزلەپ، ۋەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي زاتلارغا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مەركەزنىڭ مەركەزلىك تۈزەش، نۇقتىلىق زەربە بېرىش خىزمىتىگە زىچ ماسلىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئەركىن رەجەپ

# ئۆي جاھازلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدا مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ

ئادۋوكات گۇلۇڭ شيا:

مەن مۇنداق بىر دېلوغا يولۇققانىدىم: ۋاڭ × نىڭ ساتمىدىغان بىر نەچچە كونا ئائىلە جاھازلىرى بولۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقان جاڭ × 600 يۈەنگە ئېلىشنى ماقۇل كۆرۈپ، ئىككىيلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغان. جاڭ × شۇ چاغدىلا 300 يۈەننى بېرىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ئۆي جاھازلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ۋە شۇ چاغدا قالغان 300 يۈەننى بېرىشكە پۈتۈشكەن. ئىككىنچى كۈنى، شۇ جايدا يەر تەۋرەپ، ئۆي جاھازلىرى بۇزۇلغان. ئائىلە تۇرمۇشى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، جاڭ × ۋاڭ × نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆي جاھازلىرىنى تەلەپ قىلغاندا، ۋاڭ × ئۇنىڭغا ئۆي جاھازلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېيتقان. جاڭ × پۇلنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ۋاڭ × بۇنى تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە توختام تۈزۈلۈپ بولغان دەپ، جاڭ × نىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپلا قالماستىن بەلكى جاڭ × دىن قالغان 300 يۈەن پۇلنى تولۇقلاپ تۆلەشنى تەلەپ قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ماجىرا پەيدا بولغان. بۇ دېلو قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك؟ ئۆي جاھازلىرىنىڭ زىيىنىنى كىم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟

چيەن كۈن

يولداش چيەن كۈن:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېپىللىك قانۇنى» نىڭ 90 - ماددىسى ۋە 91 - ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، زاكالەتنى يازما شەكىلدە پۈتۈشۈش كېرەك، زاكالەت سوممىسىنى تەرەپلەر پۈتۈشىدۇ، ئەمما ئاساسىي توختام نىشان سوممىسىنىڭ %20 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. مەزكۇر دېلودا جاڭ × ئىشتىن بۇرۇن بەرگەن 300 يۈەن توغرىسىدا ئىككى تەرەپ زاكالەت دەپ يازما شەكىلدە پۈتۈشمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوممىسى نىشان سوممىسىنىڭ %50 ىگە يەتكەن. شۇڭا، بۇ 300 يۈەننى ئالدىن تۆلىگەن پۇل دەپ بېكىتىش كېرەك، زاكالەت دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ.

بۇ دېلودا ئۆي جاھازلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنى يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» نىڭ 26 - ماددىسىدا يەڭگىلى بولمايدىغان كۈچ سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي توختام مەجبۇرىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىجرا قىلغىلى بولمىسا، ئالاقىدار تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە توختامنى بىكار قىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلىشى لازىم، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەرەپلەر توختام تۈزۈشتىن بۇرۇنقى ھالەتكە قايتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۆي جاھازلىرى كۆچمە مۈلۈك بولۇپ، كۆچمە مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشى كۆچمە مۈلۈكنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ دېلودا يەر تەۋرىگەندە ۋاڭ × نىڭ ئۆي جاھازلىرىغا قارىتا يەنىلا ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆي جاھازلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان زىياننى ۋاڭ × ئۈستىگە ئېلىشى ھەمدە جاڭ × نىڭ ئالدىن تۆلىگەن 300 يۈەن پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 997 - يىل 22 - فېۋرال سانىدىن)

تۇرسۇن ئابدىلىم (ت)



11. گوۋۇيۈەننىڭ مى-
نىستىرلىك، كومىتېتلىرى
مەمۇري جازا بەلگىلىسە بو-
لامدۇ؟

جاۋاب: «مەمۇري جازا قا-
نۇنى» نىڭ 12 - ماددىسىدىكى
بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، گو-
ۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك، كو-
مىتېتلىرى ئۆزى تۈزگەن قائىدى-
دە قانۇن ۋە مەمۇري نىزاملاردا
بەلگىلەنگەن مەمۇري جازا بېرى-
لىدىغان قىلمىش تۈر ۋە دائىرە
ئىچىدە مەمۇري جازانى بەلگىلىسە
بولىدۇ. ئاساسي قانۇندىكى بەل-
گىلىمىگە ئاساسلانغاندا، گوۋۇ-
يۈەننىڭ مىنىستىرلىك، كومى-
تېتلىرى قائىدە تۈزسە بولىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۈز-
گەن قائىدىسىدە قانۇندا بەلگىلە-
گەن دائىرە ئىچىدە مەمۇري جازا
بەلگىلەش هوقۇقى بار. ئەگەر ئۇ-
لارغا قائىدە تۈزۈش هوقۇقىنى
بېرىپ، قائىدىدە مەمۇري جازا
بەلگىلەش هوقۇقى بېرىلمىسە،
دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مەمۇري باشقۇ-
رۇش پائالىيەتلىرى باش - باش-
تاقلىق هالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.
ئەمما، قانۇندا گوۋۇيۈەننىڭ مى-
نىستىرلىك، كومىتېتلىرى تۈز-
گەن قائىدىدە مەمۇري جازا بەل-
گىلەش دائىرىسى چەكلەنگەن.
گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك،
كومىتېتلىرى قانۇن ۋە مەمۇري
نىزامدا مەمۇري جازا بەلگىلەنمى-
گەن ئەهۋال ئاستىدا مەمۇري جا-
زا بەلگىلەش هوقۇقىغا ئىگە، بۇن-
داق ئەهۋالدا ئۇلار تۈزگەن قائى-
دىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائى-
رىسى ئىچىدە نىسبەتەن يېنىك
بولغان مەمۇري جازانى بەلگىلى-
يەلەيدۇ. دېمەك، گوۋۇيۈەننىڭ
مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى
قانۇن ۋە مەمۇري نىزام تىنچ تو-
زۇلمىگەن ئەهۋال ئاستىدا مەمۇ

«جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ
مەمۇري جازا
قانۇنى» دىن
سوئال - جاۋاب

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ري باشقۇرۇش تەرتىپىگە خىلاپ
قىلمىشلار هەققىدە ئاگاهلاندۇ-
رۇش ياكى مەلۇم ساندا مەمۇري
جەرىمانە قويۇش توغرىسىدىكى
مەمۇري جازانى بەلگىلەشكە هو-
قۇقلۇق. مەمۇري جەرىمانىنىڭ
چېكىنى گوۋۇيۈەن بەلگىلەيدۇ.
ئاپتونوم رايونىمىزدا مەمۇري جە-
رىمانىنىڭ چېكى قائىدىدىكى غەيـ-
ري تىجارەت پائالىيىتىدىكى قا-
نۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا مەمۇري
جەرىمانە قويۇشنى چەكىتكەندە،
يۇقىرىلارغا قويۇلىدىغان مەمۇري
جەرىمانە 200 يۈەندىن، قانۇنى
ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا
قويۇلىدىغان مەمۇري جەرىمانە
1000 يۈەندىن، تىجارەت پائالى-
يىتىدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار-
نى سادىر قىلغانلاردىن قانۇنغا خى-
لاپ تاپاۋىتى بارلارغا قويۇلىدىغان
مەمۇري جەرىمانە قانۇنغا خىلاپ
تاپاۋىتىنىڭ ئۈچ هەسسىدىن
ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئەڭ كۆپ
بولغاندا 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ
كەتمەسلىكى، قانۇنغا خىلاپ تاپا-
ۋىتى يوقلارغا قويۇلىدىغان مەمۇ-
ري جەرىمانە 10 مىڭ يۈەندىن
ئېشىپ كەتمەسلىكى بەلگىلەندى.

ئۇنىڭدىن باشقا گوۋۇيۈەنگە بىۋا-
سىتە قاراشلىق ئاپپاراتلارغىمۇ
مەمۇري جازا بەلگىلەش هوقۇقى-
نى بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى،
ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا گوۋۇ-
يۈەننىڭ مىنىستىرلىك، كومى-
تېتلىرىدىن باشقا گوۋۇيۈەنگە بى-
ۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەرمۇ
نۇرغۇن قېلىپلاشقان هۆججەتلەر-
نى تۈزىدۇ، بۇ هۆججەتلەرمۇ دۆ-
لەتنىڭ مەمۇري باشقۇرۇشىدا
كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم
مەزمۇنلارغا ئىگە. شۇڭا ئۇلارغى-
مۇ مەلۇم دائىرىدە مەمۇري جازا
بەلگىلەش هوقۇقىنى بېرىش كې-
رەك.

12. يەرلىك هۆكۈمەتلەر
تۈزگەن قائىدىدە مەمۇري
جازا بەلگىلىسە بولامدۇ؟

جاۋاب: يەرلىك خەلق هۆ-
كۈمەتلىرى دېگىنىمىز —
ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق،
بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەرلىك
خەلق هۆكۈمەتلىرىنى ياكى ئۆل-
كىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
هۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدىكى
شەهەرلىك خەلق هۆكۈمىتىنى
شۇنىڭدەك گوۋۇيۈەن تەستىقلى-
غان چوڭراق شەهەرلىك خەلق
هۆكۈمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
يەرلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى قا-
نۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن مە-
مۇري جازا بېرىلىدىغان قىل-
مىش، تۈر ۋە دائىرە ئىچىدە
كونكرېت بەلگىلىمە چىقارسا بو-
لىدۇ. قانۇن، مەمۇري نىزام،
يەرلىك نىزاملاردا مەمۇري جازا
بېرىلىدىغان قىلمىش، تۈر ۋە دا-
ئىرە ئىچىدە بەلگىلىمە بارلىرىغا
قارىتا يەرلىك هۆكۈمەتلەر ئۆز
جايىنىڭ مەمۇري باشقۇرۇش
ئېهتىياجىغا ئاساسەن، كونكرېت
بەلگىلىمىلەرنى چىقارسا بولىدۇ.
بىراق، بۇرۇن بەلگىلىنىپ بول-

غان دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىك كېرەك. قانۇن - نىزام تۈزۈلمىگەن بولسا، يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈزگەن قائىدىلەردە مەمۇرىي باشقۇرۇش تەرتىپىگە خىلاپ قىلمىشلار ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش ياكى مەلۇم ساندا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش توغرىسىدىكى مەمۇرىي جازالارنى بەلگىلىسە بولىدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە چېكىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بەلگىلەيدۇ.

**13. مەمۇرىي جازانى بەلگىلەشكە بولىدىغان قانۇن - نىزاملار قايسى؟**

**جاۋاب:** دۆلىتىمىزدە مەمۇرىي جازانى بەلگىلەشكە بولىدىغان قانۇن - نىزاملار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) قانۇن يەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇنلار؛

2) مەمۇرىي نىزاملار يەنى گوۋۇيۈەن تۈزۈپ ئېلان قىلىپ يولغا قويغان نىزاملار؛

3) يەرلىك نىزاملار يەنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ھەمدە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ يولغا قويغان نىزاملار؛

4) تارماق مەمۇرىي قائىدە يەنى گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ھەمدە گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار تۈزگەن مەمۇرىي قائىدە؛

5) يەرلىك مەمۇرىي قائىدە يەنى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەمدە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ يولغا قويغان مەمۇرىي قائىدىلەر.

مەمۇرىي جازا قانۇنىدا مەمۇرىي جازانى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئورۇنلار تۈزۈپ ماقۇللاپ ئېلان قىلغان مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردىن باشقا ھەرقانداق ئورگاننىڭ ھەرقانداق قېلىپلاشقان ھۆججىتىدە مەمۇرىي جازانى بەلگىلەشكە بولمايدۇ.

**14. مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنىڭ شەرتلىرى ۋە دائىرىسى قانداق؟**

**جاۋاب:** «مەمۇرىي جازا قانۇنى» نىڭ 15 - ماددىسىدا: «مەمۇرىي جازانى مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە مەمۇرىي ئورگان قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەمۇرىي ئورگان دېگىنىمىز — قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان، قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەپ باشقۇرىدىغان دۆلەت ئورگانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي ئورگاننى دۆلەت تەسىس قىلىدۇ. مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، مۇستەقىل تەشكىلىي شەكىلگە ئىگە. مەمۇرىي ئورگان مەلۇم ساندىكى خادىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇنىڭ مۇستەقىل مەمۇرىي راسخوتى، ئىش بېجىرىش ئورنى بولىدۇ. زۆرۈر بولغان ئىش بېجىرىش شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، قۇرۇلغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلايدۇ. ئۆزىنىڭ نامى بىلەن مەمۇرىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئىچىدىكى ھەر قايسى ئىدارىلەر، مەمۇرىي ئورگان ئەۋەتكەن ۋەكالەت ئورگانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەمۇرىي ئاپپارات، ۋەكالەت ئاپپاراتى دېيىلىدۇ. ئۇلار قانۇن - نىزاملاردا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ نامى بىلەن مەمۇرىي قارار چىقىرالمايدۇ. گەرچە، ئۇلار مەمۇرىي تەشكىل بولسىمۇ، بىراق، مەمۇرىي ئورگان بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي جازا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جازا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلىشى لازىم:

1) چوقۇم سىرتقى ئورۇننى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولۇش لازىم؛

2) چوقۇم قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش لازىم؛

3) قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقى بىلەن سىرتقى ئورۇننى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى بىردەك بولۇش كېرەك.

تۈزگۈچى: توختىروزى مەتنۇرى

# مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتسىزلىك

تۇۋا، ئادەملەر ئاجايىپ بولىدىكەن: پوسكام كوچىلىرىغا ئورنىتىلغان ئەخلەت ساندۇقلىرىدىن بىر نەچچىسىنىڭ دۈم تۆرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئوڭشاپ قويۇۋېدىم، تونۇش - بىلىشلەر مازاق قىلىپ كۈلدى، يامان بولغىنى بىر خۇسۇسىي تىجارەتچى دۇكىنىدىن چىقىپ، مەسخىرە ئارىلاش: - سىز شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ تازىلىق ئىشچىلىرىغا مەسئۇلمۇ؟! - دەپ سورىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئىچىمدە بولسا «مەن مۇشۇ يەردە ياشايمەن، بۇ يەرنىڭ پاكىز، چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇڭا، بۇ يەرنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىم بار ...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئەتىسى ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ھېلىقى ئەخلەت ساندۇقى يەنە دۈم قىلىنىپ، سىمدا ئۇلۇۋېتىلىپتۇ، ئەمدى ئوڭشاپ قويۇشقىمۇ بولمىغۇدەك، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىنغانلىقىنى بىلەلمەي، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستۇمنى ئىزدەپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم: ئەسلىدە ئورنىتىلغان ئەخلەت ساندۇقلىرى قەيەردە بولسا، شۇ يەردىكى ئورۇن ياكى خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر ھەر كۈنى بىر قېتىم ساندۇقتىكى ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، شۇڭا، بەزىلەر ئۆز دوكانلىرىنىڭ ئالدىدىكى ساندۇقلارغا ئەخلەت تاشلانماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى دۈم قىلىپ قويغانىكەن ...

مەن يېقىندا، پاكىزلىقتا نامى چىققان كورلا شەھىرىگە بېرىپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. سېنتەبىرنىڭ سالقىن شامىلى ئانچە - مۇنچە سارغايغان ياپراقلارنى يەرگە تاشلاپ تۇرىدۇ. بىراق، كوچىلار، ئورمان بەلباغلىرى، گۈللۈكلەر شۇنچە پاكىز: بىرەر تال غازاڭ، بىرەر پارچە قەغەز ياكى تاماكا كۆتىكى، مېۋە - چېۋە شۆپۈكلىرى كۆرۈنمەيدۇ، ئەخلەت ساندۇقلىرىدىمۇ ئەخلەت باردەك ئەمەس. بىر كۈنى كورلا مېھمانخانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك دۇكاندىن تاماكا سېتىۋېلىپ، دۇكاندىن چىققىچە تاماكا قېپىنىڭ ئېغىزىدىكى سولياۋ پارچىسىنى ئىشىك ئالدىغا تاشلىۋەتتىم. پىركازچىك دىققەت قىلىپ تۇرغان بولسا كېرەك، دەرھال چىقىپ ھېلىقى سولياۋ پارچىسىنى تېرىۋالدى - دە، دۇكىنىدىكى مال جازىسىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا ئورنىتىلغان مەخسۇس تارتمىغا سېلىۋەتتى. بەكمۇ خىجىل بولدۇم (بۇ ئىش مېنىڭ تاماكا تاشلىشىمغا سەۋەب بولدى)، ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا، ئۇ، «ھېچقىسى يوق، بۇ سىزنىڭ كۆڭگەن خۇيىڭىز» دېگەندەك قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى ...

نېمىدېگەن روشەن پەرق - ھە!؟ بىرسى دۇكىنى ئالدىدىكى ئەخلەتنى ئاممىۋى ئەخلەت ساندۇقىغا سېلىپ، تازىلىق خادىملىرىغا ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ؛ يەنە بىرسى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى پۇل خەجلەپ ئورناتقان ئەخلەت ساندۇقلىرىغا باشقىلارنىڭ ئەخلەت سېلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز ئەخلەتلىرىنىمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرگە تاشلاپ، كوچىلارنىڭ دائىم پاكىز تۇرۇشىدىن، تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىشىدىن پەرۋايى پەلەك ھالدا ئاممىۋى ئەخلەت ساندۇقىنى دۈم قىلىپ قويىدۇ ...

بۇلارنى ئويلاپ، خەلقنىڭ شەھىرىنىڭ ئۈنچىلىك پاكىز بولۇشى ۋە پاكىزلىقتا يىراق - يېقىنلاردا نام چىقىرىشىدىن ھەيران قالمايدىغان بولدۇم ھەمدە كىشىلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتسىزلىك ئۇقۇملىرىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەندىم.



سۈرەتتە: دۈم قىلىپ قويۇلغان ئەخلەت ساندۇقى ۋە ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان دۇكان خوجايىنى. (سۈرەت ئورنى پوسكام ناھىيە بازىرى شەرقىي چوڭ كوچا 14 - نومۇر)

پوسكام ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

ئابلەت ئەخمەت

# ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى —— ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

☆ ئەركىن روزى ☆

زامانىۋىلىشىش — ناھايىتى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرچە، پۈتۈن دۇنيادا زامانىۋىلىشىشنىڭ ئورتاق ئۆلچىمى يوق. شۇنداقتىمۇ، ئامېرىكىدىكى ئاتاغلىق جەمئىيەتشۇناس ھىنگر ئەپەندىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى نەزەرىيىسى خېلىلا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم (3000 ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولۇش)، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى (%12 تىن تۆۋەن بولۇش)، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى (%45 تىن يۇقىرى بولۇش)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى (%70 تىن يۇقىرى بولۇش)، ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى (%80 تىن يۇقىرى بولۇش)، قورامىغا يەتكەنلەر ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپنى تاماملىغانلارنىڭ نىسبىتى (%10 تىن يۇقىرى بولۇش)، ھەر بىر دوختۇر توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى (1000 كىشىدىن تۆۋەن بولۇش)، پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى (70 ياشتىن يۇقىرى بولۇش)، شەھەر خەلقىنىڭ نوپۇس نىسبىتى (%50 تىن يۇقىرى بولۇش)، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى (%1 تىن تۆۋەن بولۇش) قاتارلىق ئون جەھەتتىن زامانىۋىلىشىشنىڭ كۆرسەتكۈچلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

زامانىۋىلىشىشنىڭ كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زامانىۋىلىشىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ھەر خىل كۆرسەتكۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار ناھايىتى مۇھىم. زامانىۋىلىشىش ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ماددىي جەھەتتىكى، تۈزۈم جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىش ۋە ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماددىي جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىش ئىقتىسادىي سان كۆرسەتكۈچلىرىنى مەركەز قىلىدۇ، تۈزۈمنىڭ زامانىۋىلىشىشى سىياسىي ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى مەركەز قىلىدۇ، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئادەمنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىدۇ. بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىغاندا زامانىۋىلىشىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ تارىختىكى نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلىرىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت تۈزۈم جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىشنى قوغلىشىش نورمال ئەھۋال ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرمىغاندا، خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرمىگەندە، كىشىلەرنى زامانىۋى ئاڭغا ئىگە قىلمىغاندا زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. چەت ئەلنىڭ ھەرقانداق ئىلغار تېخنىكىسى، ھەرقانداق زامانىۋى تۈزۈملىرى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى كىرگۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەگەر بىر ئۇچۇم ئەنئەنىۋى قاتمال ئاڭدىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشسە بەربىر كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. ئۇ ھەرگىزمۇ زامانىۋىلىشىش جەريانى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى قوشۇمچە «مەھسۇلات» بولماستىن، بەلكى تۈزۈم ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتكۈل زامانىۋىلىشىش

قۇرۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى نىشانى؛ دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىللىق، گۈزەل ماكانغا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت؛ زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سۇبيېكتى ئادەم، پۈتكۈل زامانىۋىلىشىش جەريانى يەنىلا ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانى بولۇپ، زامانىۋىلاشقان ئادەملەرلا تۈزۈم ۋە ماددىي جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؛ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئادەم ئۈچۈن، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئادەمگە تايىنىدۇ؛ شۇڭا زامانىۋىلىشىشتا «ئادەمنى ئاساس قىلىش» ئىدىيىسى بولمايدىكەن كۆزلىگەن نىشانغا يەتمەك قىيىن.

خوش، زامانىۋىلاشمىغان، قاتمال ئاڭدىكى كىشىلەر قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ① يېڭىلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قورقىدۇ؛ ② يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە يېڭى كۆز قاراشلارغا ئىشەنمەيدۇ؛ ③ پاسسىپ ھالدا تەقدىرگە تەن بېرىدۇ؛ ④ ئەنئەنىۋى ھاكىممۇتلەقلىققە قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ؛ ⑤ كونا ئۇسۇللاردىن قۇتۇلۇش، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسى كەمچىل بولىدۇ؛ ⑥ ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلاردىن قورقىدۇ؛ ⑦ جەمئىيەتكە، ئاممىۋى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۆزى بىلەنلا بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ؛ ⑧ كۆز ئالدىدىكى جانجان مەنپەئەتى بىلەن ئېنىق مۇناسىۋىتى بولمىغان مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە: ① ئۇلار ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان يېڭى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، يېڭى كۆز قاراشلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ؛ ② جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ؛ ③ تەپەككۇرى چوڭقۇر، ئىدىيىسى ئازاد بولىدۇ، ھەر تەرەپنىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىر، كۆز قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ؛ ④ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا ناھايىتى دىققەت بىلەن قارايدۇ؛ ⑤ ئادەملەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقان، ھەرقانداق ئىشتا ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ ⑥ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنى پىلانلىيالايدۇ؛ ⑦ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدۇ، يېڭى بىلىملەرگە تەشنا بولىدۇ؛ ⑧ ئۆز ئىختىيارىغا، تېخنىكىسىغا، ساپاسىغا قاراپ ھەق ئېلىش ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ؛ ⑨ خەلققە ۋە جەمئىيەتكە مەسئۇل بولىدۇ، ئۆزىگە، تەبىئەتكە، ئەنئەنىۋى قاتمال نەرسىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشقا، ئۆز خەلقىنىڭ يېتەرسىزلىك، ئاجىزلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؛ ⑩ ھەرقانداق كىشىنىڭ (مەيلى قايسى ئىرق، قايسى قوۋمدىن بولسۇن) ئەقىل - پاراسىتىگە، تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ⑪ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى چۈشىنىدۇ؛ ⑫ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىگە بولالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، زامانىۋىلاشقان ئادەملەردە ئەڭ ئەقەللىي مەدەنىيەت ئېڭى تىكلەنگەن بولىدۇ، يەنى، ئۇلار شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتۇلغان ھالدا ئەتراپتىكى ئاممىۋى مۇھىتقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، خالىغان يەرگە شالاقشىتىپ تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، ئېگىز بىنالارنىڭ دەرىزىسىدىن يۇندىلارنى، ئەخلەتلەرنى تۆكمەيدۇ، سۆز - ھەرىكەتتە ئىلمىي، مۇلايىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىۋىلاشقان ئادەملەر جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىنى ھەرقاچان نامايان قىلىدۇ، يەنى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتى بىلەن ئالاقىسى بولغان تۇرمۇش ئىشلىرىغا ۋە سىياسىي ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان رايون ۋە دۆلەتكە ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە چەمبىرەكلىرى ئىچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، «ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش» تىن «كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىۋېلىش» كە قەدەم قويغان بولىدۇ.

دېمەك، بىر دۆلەت، بىر رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇ-

رۇش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ.

زامانىۋىلىشىش ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ھەمدە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش جەريانىدۇر.

ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئەڭ ئالدى بىلەن قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قانۇن ئادەملەرنى باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى قانۇندا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئېنىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ. مۇكەممەل تۈزۈلگەن قانۇنلار ئادەملەرنى مەدەنىيلەشتۈرىدۇ. بەزى غەربلىكلەر ئېيتقاندەك، قانۇن ئېڭى ۋە تۈزۈم كۆز قارىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى زامانىۋىلىشىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ زور توسالغۇ. ئىككىنچىدىن، رەھبەرلىك ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مېنىڭچە، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىر تۈركۈم ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا باي كەسپلەشكەن مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولۇشى، ئۇلاردا خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەش ئىدىيىسى مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن كادىرلار قوشۇنى زامانىۋىلىشىشى مۇھىم. رەھبىرىي كادىرلار زامانىۋىلىشىشى كېرەك. زامانىۋىلاشمىغان كادىر زامانىۋىلاشقان خەلققە رەھبەرلىك قىلالمايدۇ. زامانغا لايىق ئادەم ئىشلىتىش شارائىتى ۋە فۇنكسىيىسىنى بەرپا قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئەلۋەتتە؛ ئۈچىنچىدىن، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. مائارىپ ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم زامانىۋىلىشىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇنىڭدا، نۆۋەتتىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە، مائارىپ ئىدىيىسى ۋە كۆز قارىشىنى يېڭىلاش، مائارىپ مەبلىغىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىش، مائارىپچىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت؛ تۆتىنچىدىن، جامائەت پىكرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. زامانىۋىلىشىش ئاۋام خەلقنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن ۋە چۈشىنىشىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، شەكلى ئۆزگەرگەن بولىدۇ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. جامائەت پىكرىگە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى سىڭگەن بولىدۇ، ئۇ زامانىۋىلىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك.

يىغىنچاقلىغاندا، ھەرقانداق بىر رايون، بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەڭ ئاۋۋال ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. زامانىۋى ئادەملەرلا تۈزۈم، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، دۆلەت مۇداپىئەسى، مائارىپ قاتارلىقلارنى زامانىۋىلاشتۇرالايدۇ.

### سەۋەب

*«نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش ئۇزۇن چاچ قويۇۋېلىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟*

*«چۈنكى، سۆيگىنى ياكى ئايالى ئۇنىڭ كىيىمىدىكى ئۇزۇن چاچنى بايقاپ قالسا، ئۇ كۆلۈپ تۇرۇپ، بۇ مېنىڭ چېچىم، ھەدىيە ئالمۇتە. (ت)*

# سۇ ئىشلىرى خىزمىتىگە بېغىشلانغان قەلب

— باي بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيە بويىچە سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئۈلگىلىك شەخس مەھەممەت ئىبراھىم توغرىسىدا

باي بازىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىتىمىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە، «سۇ تېجەش ۋە سۇ باشقۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىشى 36 يىل سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى، ئۈلگىلىك سۇ باشقۇرۇش خادىمى مەھەممەت ئىبراھىمنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەھەممەت ئىبراھىم 1959 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ سۇ باشقۇرۇش كەسپىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، باي ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىندى، شۇندىن بۇيان، ئۇن - تىنسىز جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ناھىيىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى، ئۇ ناھىيە پىلانلىغان سۇنى تېجەش، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئۈستەڭ قۇرۇلۇشى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مول ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولغان بىر ئىقتىدارلىق ۋە تەجرىبىلىك كەسپىي تايانچ خادىمغا ئايلاندى ھەمدە ناھىيە، بازاردىكى ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، 1981 - يىلى بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلغاندا، تەشكىل ئۇنى باي بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىرلاشتى، ئۇ تەشكىلنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنى قىزغىن قوللىغانلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تېخىمۇ تىرىشىپ كەسپىي پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى، سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

مەھەممەت ئىبراھىم رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پىلانلىق، تەرتىپلىك ھالدا پۇختا قانات يايدۇردى، سۇ قانۇنى تەشۋىقات پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ باي بازىرىنىڭ سۇنى تېجەش، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەزمۇن قىلىنغان ئىتىمىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، باشتىن - ئاخىر «سۇ — قان، سۇ — يېزا ئىگىلىكىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ جان - تومۇرى» دېگەن ئىدىيىنى تىكلەپ، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا قاراتتى، سۇ باشقۇرۇش — بىر جاپالىق خىزمەت، سۇ باشقۇرۇش تەقسىملەش خىزمىتىدە ئازراق سەۋەنلىك كۆرۈلسە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن پونكىتتىكى خادىملارغا قارىتا، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن ئۇلارنىڭ سۇ باشقۇرۇ كەسپىي بى-

لىم قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى، ئۇ خادىملارنى يېتەكلەپ، كەنت - مەھەللىلەرگە دۆلەتنىڭ سۇ قانۇنى ۋە پىلانلىق سۇ تەقسىملەش بەلگىلىمە - پرىنسىپلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تىرىشىپ ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇ ماجىرالىرىنىڭ كۆرۈلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى، ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق ۋە سۇ كەمچىل بولغان مەزگىللەردە، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلىپ، پىيادە يول يۈرۈپ، سۇ ياقىلاپ، سۇ مىقدارىنى تەكشۈرۈپ، نىسبەت بويىچە سۇ تەقسىملەشتە چىڭ تۇرۇپ، قايسى ئورۇن سۇغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولسا، ئالدى بىلەن شۇ ئورۇننى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئەھمىيەت بەردى.

مەھەممەت ئىبراھىم ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان «5 تە ياخشى يېزا» قۇرۇش مەركەز قىلىنغان ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش، تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، تاپشۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى بىۋاستە تۇتتى، سۇ قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى يىل بېشىدىلا، كەنت - مەھەللە گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارىسال ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىش، سۈپەتكە ۋە تېخنىكىلىق تەلەپكە كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى، رەھبەرلىكنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكى، مەھەممەت ئىبراھىم قاتارلىق تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە، باي بازىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدا ياخشى نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، 1992 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر، 313 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، 92 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىش ئەمگەك كۈنى، 18 مىڭ ماشىنا - تراكتور، ھارۋا - ئۇلاقلارنى سەپەرۋەر قىلدى، 2100 مو يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 10 كىلومېتىر ئەتراپىدا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 55 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى، 3500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى ياسالدى، 23 زاكو، خەندەك قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئىشلىنىپ دىگۋاتور توختام بويىچە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، پايدىلىنىش ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى، 2500 مو يەر سالالاشتۇرۇلدى، 1600 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، يېڭىدىن 540 مو يەر ئېچىلدى، 850 مو شورلۇق تۇپراق ئۆزگەرتىلدى، سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەنت يولى ياسىلىپ، شېغىل تۆكۈلدى، 2500 دىن ئارتۇق ئادەم، 3000 دىن ئارتۇق چارۋا مالنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى، سۇنى تېجەش، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق، ھەر يىلى 4 مىليون كۇبمېتىر ئەتراپىدا سۇ سەرپىياتى تېجەپ قېلىندى، رېمونت قىلىش ۋە يېڭىدىن ياساش ئارقىلىق، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىلىرىنى ساقلاپ قېلىش نىسبىتى 92% كە يەتتى، باي بازىرىنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يىلمۇيىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، 1995 - يىلى 98% كە يەتتى، سۇدىن پايدىلىنىش چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، 1995 - يىلى باي بازىرى ئاشلىق، مايلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 900 مىڭ كىلوگىرامغا، چارۋا مالنى 5800 تۇياقتا يەتكۈزۈپ، ئاشلىق، مايلىقدان ۋە چارۋا مالنى 1994 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 132 مىڭ كىلوگىرام ۋە 250 تۇياق، 1992 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6% ۋە 530 تۇياق ئاشۇردى، 1995 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1000 يۈەنگە يېقىنلىشىپ، 1994 - يىل

دىكىدىن 150 نەچچە يۈەن، 1992 - يىلدىكىدىن 405 يۈەن ئاشتى.

مەھەممەت ئىبراھىم سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، يۇقىرىنىڭ سىياسەت - يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بەلگىلىمە بويىچە سۇ پۇلىنى ئېلىشتىن سىرت، قالايمىقان سېلىق سالماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلدى، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈلگە بولۇپ، باشتىن - ئاخىر مەركەز بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ساقلىدى، باي بازىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بايدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسمى بىلەن قوشنا بولۇپ، ئۇلارنىڭ باي بازىرىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدىغان 500 مودىن ئارتۇق يېرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ھەربىي قىسىم بىلەن چېگرىداش، ئىلگىرى ھەربىي قىسىم بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا ماجىرا يۈز بەرگەندە، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى، ھەربىي قىسىم سۇغا ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتلاردا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن سۇ ھەل قىلىپ بەردى، بۇ پونكىتتىكى خادىملار 1982 - يىلدىن باشلاپ دوستلۇق ئورناتقان بولۇپ، ھەربىي قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى، ئېتىز - ئېرىق رېمونت قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا ھەربىي قىسىمنى چېتىۋالمىدى، ھەتتا ھەربىي قىسىمدىن ھازىرغا قەدەر 48 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت گۇڭ ھەققىنى ئالمىدى، ئىدارىلەرنىڭ 400 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ، ئورمان يەرلىرىگە ۋاقتىدا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ خاتىرجەم قىلدى، باي بازىرىنىڭ كەنت - مەھەللىرىدە دېھقانچىلىق، كۆكتاتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇ، خۇيزۇلار بىر قەدەر كۆپ، سۇ بېرىش جەريانىدا، مىللەت، ئورۇن ئايرىمىدى، قېرى - ئاجىزلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى، كىم سۇغا ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنىڭغا ئاۋۋال بېرىپ، سۇنى ياخشى باشقۇردى.

مەھەممەت ئىبراھىم بىر ئىسلاھاتچىغا خاس روھ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئورنىدا ئىگىلىك تىكلەشنى، يۇقىرىغا قول سۇنماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى يېڭى قۇرۇلغاندا، بازارلىق ھۆكۈمەت 20 مو ئەتراپىدىكى بىر شېغىللىق يەرنى ئۇلارغا بەرگەنىدى، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا خادىملار بۇ شېغىللىق يەرنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىشقا بەل باغلاپ، 15 مو بوز يەر ئېچىپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنى 35 موغا يەتكۈزدى، 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل مېۋىلىق - مېۋىسىز ئورمان قويدى، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ ئارقىلىق ئىش ھەققىدىن باشقا بارلىق راسخوتلارنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش بىلەن پونكىتنىڭ قوشۇمچە كىرىمىنى يىلمۇيىل ئاشۇردى، ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىگە قوشۇمچە كىرىم پۇلىدىن 5800 يۈەن تاپشۇردى، 1981 - يىلدىن ئىلگىرى پۇل - مەبلەغى بولمىغان بۇ سۇ باشقۇرۇش پونكىتى 15 يىلدىن بۇيان ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، تەر ئاققۇزۇپ ھازىر مۇقىم مۈلۈك مەبلىغىنى 150 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھازىر نەق پۇلى 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق. ئۇ سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزىگە سىياسىي، كەسپىي جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە باشلامچىلىق قىلدى، كەسپىي ئەخلاق نىزامى بويىچە ئىش كۆردى، خىزمەتتە تىرىشچان، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك، ئىستىلدا ساغلام بولدى، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىشلەشكە ماھىر، چىقىشقاق، راستچىل بولدى. ئۆزى 800 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل چىقىرىپ، يېتىم - يېسىرلار، مېيىپلار ۋە نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن ياردەم قىلدى، خادىملارنى يېتەكلەش ۋە كوللېكتىپ چىقىرىش بىلەن 2300

(داۋامى 12 - بەتتە)

# سوت مەھكىمىسى رەسىمخانىنى تۆلەپ قىلىنغان نېگاتىپنى قايتۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى

☆ شۇ يىمىڭ ☆

1996 - يىلى 8 - ئايدا، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرى ۋۇچاڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى رەسىمخانا ئىستىمالچىنىڭ نېگاتىپنى قايتۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلىش دەۋا دېلوسىنى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى. رەسىمخانا خېرىدار ۋاڭ × نىڭ نېگاتىپنى قايتۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

دېلو ئەھۋالى:

1996 - يىلى 7 - ئايدا، ۋاڭ × رەسىمخانىدا بىر يورۇش رەڭسىز سۈرەتكە چۈشۈپ، بارلىق سۈرەتكە چۈشۈش ھەققىنى تۆلەيدۇ. ئارقىدىنلا ۋاڭ × بۇ رەسىملەر ئىچىدىن بەش پارچىنى تاللاپ مەزكۇر رەسىمخانىدا كۆپەيتىپ يۇيغۇزىدۇ ۋە چوڭايتىدۇ، ئاندىن ۋاڭ × رەسىمخانىدىن نېگاتىپنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسىمخانا سۈرەت تارتىش كەسپىنىڭ ئادىتى بويىچە خېرىدارلارنىڭ نېگاتىپنى رەسىمخانا ساقلايدۇ، ئەگەر خېرىدارلار كۆپەيتىپ يۇيۇش، چوڭايتىشنى تەلەپ قىلسا، مەزكۇر رەسىمخانا بېجىرىپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەزكۇر رەسىمخانا پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىنىڭ كۆرۈنەرلىك جايىغا نېگاتىپنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى توغرىسىدا: «رەسىمخانىمىز تارتقان سۈرەتنىڭ ئەسەر ھوقۇقى رەسىمخانىمىزغا تەۋە، رەسىمخانىمىز نېگاتىپنى ۋەكالىتەن ساقلاشقا ھوقۇقلۇق، ئەگەر كۆپەيتىپ يۇيماقچى ۋە چوڭايتماقچى بولسىڭىز، چوقۇم رەسىمخانىمىزدا بېجىرىشىڭىز لازىم.» دېگەن باياناتنى يېزىپ قويغان بولۇپ، شۇنى ئاساس قىلىپ نېگاتىپنى قايتۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ۋاڭ × ئامالسىزلىقتىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ نېگاتىپنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەمدە مۇناسىپ زىياننى تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەھلىل:

مەزكۇر دېلو تۆۋەندىكىدەك قانۇن مەسىلىلىرىگە چېتىلىدۇ:

1. سوت ئەقلىي ئىجادىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرەمدۇ - كىرمەمدۇ. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەسەر ھوقۇقى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ۋە نەشىر ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان ئوبيېكت «ئەسەر». بۇ خىل «ئەسەر» ئۈچ خىل ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئەدەبىي، بەدىئىي ياكى ئىلمىي مەزمۇنى بولۇشى شەرت؛ ئىككىنچى، ئىجادىي بولۇشى شەرت. يەنى ئاپتورنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيىتى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈش ئىجادىيەتكە كىرمەيدۇ. ئۈچىنچى، ماددىي شەكىل بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇشى شەرت. بۇ ئۈچ ئامىل ئىچىدە، مۇستەقىل ئىجادىيەت خاراكتېرى ئەسەرنىڭ ھاياتىدۇر. رەسىمخانىنىڭ رەسىملىرى بەدىئىي سۈرەت ۋە غەيرىي بەدىئىي سۈرەت دەپ ئايرىلىدۇ. غەيرىي بەدىئىي سۈرەتلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە تارتىش ئۇسۇلى مۇقىم بولۇپ، ئەسەر تەلەپ قىلىدىغان مۇستەقىل ئىجادىيەت خاراكتېرى بولمايدۇ، شۇڭا ئەسەر ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ.

2. بەدىئىي سۈرەتنىڭ خاراكتېرى. بەدىئىي سۈرەتتە سۈرەت تارتقۇچىنىڭ ئەقلىي نەتىجىسى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇ گۈزەللىك ئۇيى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، بەلگىلىك مۇستەقىل ئىجادىيەت خاراكتېرىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئەسەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. خېرىدار رەسىمخانىغا بېرىپ، بەلگىلىك پۇل تاپشۇرۇش بىلەن بىرلا

ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن رەسىم تارتقۇچى شۇ تەلەپ بويىچە، رەسىم (سۈرەت) شەكلى ئارقىلىق بۇ خىل ئەقلىي نەتىجىنى مۇقىملاشتۇرغان. خاراكتېرىدىن قارىغاندا، خېرىدار بىر خىل ھەقلىق ھاۋالە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، رەسىم تارتقۇچىغا ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى ئورۇنداشنى ھاۋالە قىلغان، بەدىئىي سۈرەت ھاۋالە قىلىنغان ئەسەرگە كىرىدۇ.

3. بەدىئىي سۈرەت ۋە نېگاتىپنىڭ ھوقۇق سۇبيېكتى مەسىلىسى. بەدىئىي سۈرەت ۋە نېگاتىپتىكى ھوقۇق ئۈچ خىل بولىدۇ: ئەسەر ھوقۇقى، ئىگىلىك ھوقۇقى، سۈرەت ھوقۇقى. بۇ ئۈچ خىل ھوقۇق بىر-دەك ئەمەس. بەدىئىي سۈرەتنىڭ خاراكتېرىنى ھاۋالە قىلىنغان ئەسەر دەپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسىدا: ھاۋالە قىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان ئەسەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىكىنى ھاۋالە قىلغۇچى بىلەن ھاۋالە قىلىنغۇچى توختام ئارقىلىق پۈتۈشىدۇ. توختامدا ئېنىق بولمىغان ياكى توختام تۈزۈشمىگەن بولسا، ئەسەر ھوقۇقى ھاۋالە قىلىنغۇچىغا تەۋە بولىدۇ. شۇڭا، رەسىم تارتقۇچى بەدىئىي سۈرەت ۋە نېگاتىپنىڭ ئەسەر ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. خېرىدار رەسىمخانىدا ھەق تۆلەپ سېتىۋالغىنى رەسىم تارتقۇچىنىڭ بىر خىل مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت. نېگاتىپ — رەسىم تارتقۇچى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر خىل قورال، شۇڭا، نېگاتىپنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خېرىدارغا تەۋە بولىدۇ. رەسىم تارتقۇچى نېگاتىپنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، خېرىدارنىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا چوقۇم ھۆرمەت قىلىشى لازىم، خېرىدارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئېلان قىلىشقا ياكى پايدا تېپىش مەقسىتىدە ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

4. كەسىپ ئادىتى ۋە قانۇن قائىدىسىنىڭ كۈچى مەسىلىسى. مەزكۇر دېلونى سوت قىلىش جەريانىدا، جاۋابكار نېگاتىپنى ساقلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا «كەسىپ ئادىتىگە ئاساسلانغاندا» نى ئاساس قىلغان ھەمدە «پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىنىڭ كۆرۈنەرلىك جايىغا نېگاتىپنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغان». قانۇن نەزەرىيىسى ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كەسىپ ئادىتى ئىجتىمائىي قائىدىنىڭ ئادەتتىكى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، مەزمۇنى قانۇن، قانۇن - نىزاملارغا خىلاپ ۋە زىت كەلمەسلىكى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن، كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنىنىڭ 24 - ماددىسىدا: «تىجارەت قىلغۇچى ئەندىزىلىك توختام، ئۇقتۇرۇش، بايانات، دوكلات ئېلانى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئادىل بولمىغان، مۇۋاپىق بولمىغان بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىشقا ياكى ئۆزىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش سەۋەبىدىن ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى يېنىكلىتىشكە، بىكار قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەندىزىلىك توختام، ئۇقتۇرۇش، بايانات، دوكلات ئېلانى قاتارلىقلار ئالدىنقى تارماقتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، بۇ مەزمۇن ئىناۋەتسىز بولىدۇ».

بۇ دېلونى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كۆرۈۋالالايمىزكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كەسىپ ئادىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ مۇناسىۋەتلىك روھى بىلەن بىردەك ئەمەس. شۇڭا، رەسىمخانىنىڭ باياناتى نېگاتىپنى قايتۇرماسلىقنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1997 - يىل 23 - يانۋار سانىدىن)

تۇرسۇن ئابدىلىم (ت)



## شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمالدىكى 13 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھاكىمە يىغىنى تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلدى

شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمالدىكى 13 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى 1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە تۇرپاندا ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپ مۇھەممەدى ۋە بەنگۈتىگىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇراخمان ئەلى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپ مۇھەممەدى مۇنداق دېدى: «بۇ يىل دۆلىتىمىز تارىخىدىكى مۇھىم بىر يىل. شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. مۇشۇنداق خۇشاللىق چاغلاردا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 13 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى يولداشلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە».

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزدىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يەنىلا ئىزدىنىش، مۇكەممەللىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىش كېرەك».

يىغىندا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ «ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى نەزەرىيىۋىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى ھەم مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىدىن ئەكبەر ئابلىم

## چىرا ناھىيىسىدە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەنمەكتە

چىرا ناھىيىسى بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ ناھىيىدە ناھىيىلىك سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گۇرۇپپا باشلىقى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سايلام كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. سايلام كومىتېتى قارمىقىدا يەنە ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملار سەپلەندى. ھەر قايسى يېزا - بازارلاردا ئۈچتىن بەشكىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام كومىتېتى قۇرۇلۇپ، يېزا - بازارلىق پارتكوملارنىڭ شۇجىلى-

...رى سايلام كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى قانۇني تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ، ھەر قايسى يېزا - بازارلىق سايلام كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 115 كىشى قاتناشقان ئىككى كۈنلۈك سايلام تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كۇرسانتلارنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئۇسۇلى، مەقسىتى، قەدەم - باسقۇچلىرى، ۋاقتى قاتارلىق جەھەتتە تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا چوقۇم ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ھىمايە قىلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، مۇئەييەن ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىقتىدارىغا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، خەلققە ۋەكالىتەن قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، ئىشتا ئادىل، ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلىيالايدىغان، ئاممىا ئىشىنىدىغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان مۇنەۋۋەرلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلاش تەلەپ قىلىندى. نۆۋەتتە، ناھىيە بويىچە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام تەشۋىقات خىزمىتى ۋە سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلماقتا.

مەتقۇربان ھوشۇر

## ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنى ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى ئۆگىنىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلەت مامۇتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى نىزامىنىڭ لايىھىسىنى قاراپ چىققانلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى گۇەن شىچىڭنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى لايىھىسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىمىن مېھمانشاھنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يەر مەمۇرىي تەپتىشلىكى نىزامىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چيۇ يۈەنراۋنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكا باشقۇرۇش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمە لايىھىسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سالىيوت، پوجاڭزا سېتىش، ئېتىشنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى، مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەر ئېلىش، ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بەلگىلىمىسىنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى قارارلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغ-

داش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى، مەدەنىيەت بازىرنى باشقۇرۇش نىزامىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى تەكشۈرگەنلىك ھەققىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى قارارلار ماقۇللاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى نىزامى، «ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىلما بايلىق باشقۇرۇش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ دەريا يولىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1996 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى بىر تەرەپ قىلىندى.

يىغىنغا مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن شيې فۇپىڭ، يۈسۈپ مۇھەممىدى، تۆربايىر، شۈي پېڭ، ماسۇنلىياڭ، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار، قادىس، سۈي گۇاڭخۇالار قاتناشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇيىيۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم قادىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپ، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ماھىنۇر قاسىم يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى ھەر قايسى كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە قاراشلىق بىر قىسىم نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، بىر قىسىم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شيې فۇپىڭ سۆز قىلدى.

تاھىر ماموت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

## نىيە ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ناھىيىمىزنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى

نىيە ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى ھەر قايسى يېزا - بازارلار (مەيدان)، ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن 200 كىشى قاتناشقان كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە 108 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ تايانچلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

مەمتىمىن قاسىم



(بېشى 26 - بەتتە)

(6) پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى تەشكىلاتىنىڭ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش ياكى قانۇنسىز يۆتكەش؛

(7) پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

31 - ماددا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرگەنلىرىگە شۇ كىشى ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى ئالاقىدار تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغانلىرىنى تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

32 - ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# ئاياللار ۋە قانۇن چىقىرىش

ئاياللار «يېرىم دۇنيا»، ئەرلەر بىلەن دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلىش جەريانىدىكى ئۇزاق مۇساپىدە، ئۇلارمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلار باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولالمىدى. ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئىرادىلىك ۋە غايىلىك كىشىلەر (بۇنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئەرلەر) ئاياللارنى كەمسىتىش، خورلاش قىلمىشلىرىغا قارشى بوشاشماي كۆرەش قىلدى. دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ قانۇنلىرىدا ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلار بار، بۇنىڭدا ئاياللارنى كەمسىتىدىغان بەزى ماددا، تارماقلاردىن ساقلانغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچىسى ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. تۆۋەندىكى بىر نەچچە كىچىك ھېكايىدىن بۇنى كۆرۈۋالالايسىز.

## قىزلارنى بالدۇر ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلاش

ئامېرىكىدىكى ھاۋاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جىن يىن ئارىلىدا غەلىتە بىر قانۇن بار بولۇپ، قىزلار 16 ياشقا كىرگىچە توي قىلمىسا، جازاغا تارتىلىدىكەن.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق قانۇن بېكىتىلگەن؟ ئەسلىدە، جىن يىن ئارىلىنىڭ ئاھالىسى ئاز بولۇپ پەقەت 10 مىڭغا يېقىنلا ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارالدا ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئاز بولۇپ ئەرلەر بەشتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. قىزىقارلىق يېرى، ئەرلەر ياتلىق بولۇشقا قىزىقمىغاچقا، بالدۇر توي قىلىشنى خالىمايدىكەن. يەرلىك ھۆكۈمەت ئارالنىڭ ئاۋاتلىقىنى ساقلاپ قېلىش، نوپۇسنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قىزلارنى بۇرۇن توي قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بۇ قانۇننى بېكىتكەن.

## ئاياللارغا ئېتىبار بېرىش

ئامېرىكا يۇتا شتاتىدىكى لوچىڭ شەھىرىدە ئاياللارغا پايدىلىق بولغان بىر قانۇن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ بىر ماددىسىدا: ئەر ـ خوتۇن ئەگەر كەچتە ئۆزئارا گەپ تالىشىپ قالسا، ئايالىنىڭ ئېرىنى كارىۋاتتىن چۈشۈپ يەردە ئۇخلاشقا بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئەمما ئەرنىڭ ئايالىغا مۇنداق بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خورلاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە قامىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

## ئۇرۇشمىغانلارنى مۇكاپاتلاش

ئەنگلىيىدە نۇرغۇن قەدىمىي ۋە قىزىقارلىق قانۇنلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ماددىدا: ئەگەر بىر ئادەم ئامما ئالدىدا بىر يىل ئىچىدە ئايالى بىلەن ئۇرۇشمايدىغانلىقىنى ھەمدە توي قىلغىنىغا پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىسا، بۇ كىشى دۆلەت خەزىنىسىدىن بىر سۇرلەنگەن چوشقا سېنى ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قانۇننىڭ تۈزۈلگىنىگە 600 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر پەقەتلا سەككىز كىشى ئىكەن.

## قىز مېلىنى قالايمىقان ئېلىش قانۇنسىزلىق

1961 ـ يىلى ھىندىستاندا قىزلار ياتلىق بولسا قىز مېلى بېرىش قانۇنغا خىلاپ، دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قىز مېلىنى قالايمىقان ئالىدىغان ئەھۋاللار تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ھىندىستان ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بەزى كېلىنلەرنىڭ يېتەرلىك قىز مېلى بولمىغانلىقتىن دائىم خورلانغان ۋە دەپسەندە قىلىنغان، ئېغىر بولغانلىرى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئاياللارنى ئازابلاش ۋە دەپسەندە قىلىشنى توسۇش ئۈچۈن، ھىندىستان پارلامېنتى بىر تۈرلۈك قانۇن ماقۇللاپ، قىز مېلىنى قالايمىقان ئالغانلارنى قاتتىق جازالاشنى قارار قىلدى، كىمكى قىز مېلى ئالسا ئالتە ئايدىن ئىككى يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. پارلامېنت يەنە بىر قارار ماقۇللاپ، ئائىلە سوت مەھكىمىسى قۇرۇشنى ئۇنىڭدا ئايال سوتچىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئائىلىدىكى ئايرىلىپ تۇرۇش، ئاجرىشىش، بېقىش راسخوتى ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. ئائىلە سوت مەھكىمىسىنىڭ

خىزمىتى ياراشتۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ.

**ئاياللارغا پوخۇرلۇق قىلغانلارنى جازالاش**

ھىندىستاندا ئاياللارغا پوخۇرلۇق قىلىش قىلمىشىغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. يېڭى دېھلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت پارلامېنتى ماقۇللىغان قانۇندا: ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاياللارغا پوخۇرلۇق قىلغۇچىلاردىن تۇنجى قېتىم جىنايەت سادىر قىلغانلارغا 15 كۈنلۈك، ئېغىرلىرىغا بىر ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

«پوخۇرلۇق» قىلىشنىڭ مەنىسىگە قارىتا قانۇندا مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىلغان: بىر ئەر ئاممىۋى سورۇندا ئاياللارغا ئۇياتسىز سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلسا ياكى يازسا، ھاياسىزلىق قىلسا، قۇلاققا ياقمايدىغان ناخشىلارنى ئېيتسا «پوخۇرلۇق» قىلغان بولىدۇ. قانۇندا يەنە ئاياللارنىڭ كۆپ قېتىم سوتقا چىقىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاياللارغا پوخۇرلۇق قىلغانلارغا تېز ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ، كېپىللىككە ئېلىپ چىقىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**قىزلارنىڭ باھاسى.**

تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى سولايمان تاقىم ئارىلىدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر گۈزەل قىزنىڭ باھاسى 18 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرى، ئىقتىسادىي خەۋپىنىڭ تەسىرىدىن، يەنە بىرى، قىزلارنىڭ جاھانغا قاراپ نەرخ - ناۋانى ئۆرلەتكەنلىكىدىن بولغان.

يەرلىك ھۆكۈمەت باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر جىددىي پەرمان چىقارغان. ئۇنىڭدا قىز قانچىلىك گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ باھاسى 600 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار 90 كۈن قامىلىدۇ، 90 دوللار جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**ۋاپاسىزلىق قىلغان ئاياللارنى قاتتىق جازالاش**

فىلىپپىن ھۆكۈمىتى ھەر يىلى باشقا دۆلەتلەرگە ئەۋەتىدىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 50 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇلار دۆلەت ئۈچۈن بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت يارىتىدۇ، بىراق، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى، ئېرىنىڭ يىل بويى ئۆيگە قايتماسلىقى تۈپەيلىدىن، كۆپ ساندىكى ئاياللار يولدىن چىقىپ كېتىپ، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇ بىر ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان.

فىلىپپىندىكى كۆپ سانلىق پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ يېڭى قانۇن تۈزۈشنى قوللاپ، ئېرى چەت ئەلگە ئىشلىگىلى كەتكەن مەزگىلدە باشقا ئەرلەر بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلغان ئاياللارنى قاتتىق جازالاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. پارلامېنت ئەزالىرى مۇنداق قىلغاندا چەت ئەلدىكى ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى يىلدىن يىلغا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

يېقىندا، ئەدلىيە ئورۇنلىرى يېڭى قانۇن تۈزۈپ، ئېرى چەت ئەللەردە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ناشايان ئىش قىلغان ئاياللارغا قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئالتە ئايدىن 12 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىشنى بەلگىلىگەن.

**ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش**

پېرۇنىڭ قانۇنىدا: ئېرى ئايالىنى خورلاپ تىللىسا بەش كۈندىن ئون كۈنگىچە تۈرمىگە قامىلىدۇ؛ ئايالىنى ئۇرسا بىر ئاي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ؛ ئەگەر ئايالىنى ئۇرۇپ قاتتىق يارىلاندۇرسا، بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە تۈرمىگە قامىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇلغارىيىنىڭ قانۇنىدا: ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالىلار بار سورۇندا تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

مىسىر قانۇنىدا: ئاياللارنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ئەرنىڭ بىئەدەپلىك قىلىپ، ئاياللارنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقى خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ بىر ھەپتە تۈرمىگە قامىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

«ئادەم ۋە جەمئىيەت» ژۇرنىلىنىڭ

96 - يىل 2 - سانىدىن

نۇسرەت كېۋىر (ت)



# ياڭاق ۋە ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتى

☆ ساۋۇت ھېكىم ☆

ياڭاق ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆپلەپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ياڭاق مېغىزى تاتلىق، تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ياڭاق مېغىزى قانچىكى يېڭى بولسا قۇرۇقلۇق دەرىجىسىمۇ شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. ياڭاق تەركىبىدە ئاقسىل، ياغ، قەنت، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، كاروتىن، ۋىتامىن B1، B2، C، E ۋە ماگنىي قاتارلىق ماددىلار بار.

ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىدە ياڭاقنىڭ مېغىزى، پاسىلى، پوستى ۋە يۇمران شاخلىرىمۇ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ياڭاق مېغىزى قاننى ۋە قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. بەلغەمنى بوشىتىپ، چاچنى ئۆستۈرىدۇ ۋە چاچنى قارايتىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىپ، يەلنى، ئىششىقنى تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، تېرىنىڭ رەڭگىنى ياخشىلاش، چوڭ مېڭىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە قۇۋۋەتلەش، ھەر خىل جاراھەتلەرنى ساقايتىش، ئادەمنىڭ جامالىنى گۈزەللەشتۈرۈپ چىرايلىق قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

ئادەتتە ياڭاق مېغىزىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 0.5 گىرام ئەتراپىدا ياڭاق مېغىزى بىلەن سايۋا ئۈزۈمنى بىرگە ئىستېمال قىلسا ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسى قېچىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇش، يۈرىكى سىلىش، ئەنسىزلىك، ئىشتىھاسى كەم بولۇش، بەل ئاغرىيدىغان، ھارغىنلىق ھېس قىلىدىغان، مەنى بالدۇر كېتىش ۋە تېرە داۋاملىق قۇرغاقلىشىپ تۇرىدىغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ شۇنداقلا بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئادەم ھەر كۈنى ئوندىن 20 گىرام ئەتراپىدا ياڭاق مېغىزىنى ئىستېمال قىلسا ئۆپكىنى ياشارتىپ، ئۆپكىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان يۆتەلنى توختىتىدۇ. مەيدىنى بوشىتىپ بەلغەمنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ياڭاق مېغىزىدىن 200 گىرام، تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىدىن 50 گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ مەلھەم قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل ۋە خام زەنجىۋىل سۈيى قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇخلاش ئالدىدا بەش گىرامدىن يەپ بەرسە دەم سىقىش ۋە سوزۇلما كانەي ياللۇغىغا ئۈنۈم بېرىدۇ، مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، چاچنى قارايتىپ ئۆسۈشنى تېزلىتىدۇ ۋە داۋاملىق پارقىراپ تۇرىدىغان قىلىدۇ. كېسەلدىن كېيىنكى بەدەن ئاجىزلىقىنى ۋە پۇت - قوللار تىترەشنى ياخشىلايدۇ. ياشانغان كىشىلەردىكى تاجىسىمان ئارتېرىيە قان تومۇرلىرى قېتىشىش كېسەللىكى ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىگە، يەنە بەدەندىكى تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن بولغان قان ئازلىق قاتارلىق كېسەللەرگە ئۈنۈملۈك دورا ۋە ياخشى ئوزۇق بولالايدۇ. ئادەتتە ياڭاق مېغىزىدىن مۇراببا ياساپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە يۈرەكنى كۈچەيتىپ، مەنىنى كۆپەيتىپ باھنى قوزغايدۇ. ياڭاق مېغىزىنى قورۇتۇپ مۇۋاپىق ھالەتتە يەپ تۇرسا ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەرگە ئوبدان شىپا بولىدۇ. كونا ياڭاق مېغىزىنى سارغايتىپ ئاندىن ئۇنى بوغۇملارغا سۈركەپ ئوۋلاپ بەرسە پالەچ، گۇمۇش، سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن ۋە بەدىنى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى شىپا بولىدۇ. ھۆل ياڭاق مېغىزىنى ئوبدان ئېزىپ يۈزگە سۈركەپ بەرسە يۈزدىكى قارا داغلارنى ۋە قورۇقلارنى يوقىتىدۇ. ياڭاق پاسىلىنى سۇدا قاينىتىپ چاي ئورنىدا ئىچىپ بەرسە باھنى قوزغاشقا، تولا ئىھتىلام بولۇش، كۆپ تەرلەش، بەدىنى داۋاملىق قىچىشىش، كۆپ قېتىم كىچىك تەرەتكە ئولتۇرۇش قاتارلىق كېسەللەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىپ، ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ. كۆك ياڭاق پوستىنى يۇمشاق سوقۇپ ئېزىپ ھەر خىل كونا - يېڭى تەمرەتكىلەرگە، نېرۋا خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغى ۋە تازغا كۈنىگە ئۈچ قېتىم سۈركەپ بەرسە ساقىيىپ كېتىدۇ. ياڭاق يېغىنى ئازراقتىن كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن قۇلاققا تېمىتىپ بەرسە ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ. ياڭاق شېخىدىن 250 گىرام، توخۇ تۇخۇمىدىن ئالتە دانە ئېلىپ ساپال قاچىدا قاينىتىپ، تۇخۇم چالا پىشقاندا شىكىلىنى چېقىۋېتىپ يەنە داۋاملىق پىشۇرۇپ تۇخۇم جىگەرەڭگە كەلگەندە ئېلىپ كۈنىگە ئۈچ قېتىم ھەر قېتىمدا بىر تالدىن يېرىم ئاي يەپ بەرسە قىزىل ئۆڭگەچ راكى ۋە ئاشقازان راكىغا پايدا قىلىدۇ.

بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەر ياڭاق مېغىزىنى زىيادە ئىستېمال قىلسا سەپرا خىلتىنى ئۆرلىتىپ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى چۇس قىلىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا ياڭاق مېغىزىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغاندا ئانار سۈيىگە بادام مېغىزىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

# بىر دوللار

[ئامېرىكا]J. كۆپن

خالىق ئاۋۇت تەرجىمىسى

بىر يەھۇدى بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمىگە كىرىپ گېدىيىپ ئول-تۇردى.

«مەن قىلىپ بەرگۈدەك بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ ئەپەندىم؟» دې-رىكتور ئېھتىيات بىلەن شۇنداق دەپ سورىغاچ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا سەپسالدى: ئۇ قىممەت پۇللۇق كاستيۇم - بۇرۇلكا، ئالىي دەرىجىلىك شىلىت كىيىۋالغان، قولىغا قىممەت باھالىق سائەت، گالستۇكىغا ياقۇت كۆزلۈك قىسقۇچ تاقىۋالغانىدى …

«مەن ئازراق پۇل قەرز ئالماقچىدىم.»

«قانچىلىك قەرز ئالىسىز؟»

«بىر دوللار.»

«ئاران بىر دوللار قەرز ئالامسىز؟» دېرىكتور ھەيرانلىقتا ئاغ-زىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. «ئەجەبا ئۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ سۈپىتى ۋە مۇلازىمىتىمىزنىڭ ئۈنۈمىنى سىناپ باقماقچىمىدۇ؟» دېرىكتور شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، خۇشال قىياپەتكە كىرىۋې-لىپ: «پەقەت كېپىللىك بولسىلا، قانچىلىك قەرز ئالسىڭىز بولۇۋې-رىدۇ» دېدى.

«بولىدۇ،» يەھۇدى ئېسىل خورۇم سومكىسى ئىچىدىن بىر دۆۋە پاي چېكى، زايوم ۋە باشقا زايوم بېلەتلىرىنى ئېلىپ دېرىكتور-نىڭ ئىش ئۈستىلىگە قويۇپ: «بۇلارنى كېپىللىككە قويسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى.

دېرىكتور ساناپ بېقىپ: «ئەپەندىم، جەمئىي 500 مىڭ دوللار ئىكەن، يېتىدۇ. بىراق ئەپەندىم، سىز راستىنلا بىر دوللار قەرز ئالماقچىمۇ؟» دېدى.

«شۇنداق» دېدى يەھۇدى چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەس-تىن.

«بولىدۇ، يىللىق ئۆسۈمى 6٪. بىر يىلدىن كېيىن قايتۇرى-سىز، شۇ چاغدا بۇ پاي چېكى ۋە ئاكسىيەلەرنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمىز …»

«رەھمەت!» دۆلەتمەن يەھۇدى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بو-لۇپ، چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى.

پەرۋاسىزلىق بىلەن بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بانكا باشلىقى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ: «مەن بۇ بانكىنىڭ باشلىقى بولىمەن، مەن ھەقىقەتەن چۈشىنەلمىدىم، سىز 500 مىڭ دوللارلىق ئاكسىيىڭىز تۇرۇقلۇق، نېمىشقا پەقەت بىر دوللار قەرز ئالماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟»

«سىز بۇنىڭغا شۇنچىۋالا قىزىقىسىڭىز، مەن سىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ بېرەي، مەن بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن كەلگەن، لېكىن بۇ ئاكسىيەلەرنى يېنىمدا ساقلاپ يۈرسەم ئانچە بىخەتەر بولمايدىكەن، يەنە كېلىپ بىر قانچە خەزىنىنىڭ بىخەتەر ساندۇقىنىڭ ئىجارە ھەققى بەك قىممەتكەن. شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى كېپىللىك شەكلىدە بانكاڭلارغا قويۇپ قويماقچى بولدۇم، بۇ يەردە قويسام ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئالتە سېنت ئۆسۈم تۆلەيدىكەنمەن …»

«تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997 -
يىللىق 9 - سانىدىن ئېلىندى

# سايلام

☆ ئەلق قەمەس (تاجىك) ☆

سايلام دېسە گۈپۈلدەيدۇ يۈرەكلەر،
ھەر تەرەپتىن يېغىپ كېتەر تىلەكلەر.
ھەر بۇلۇڭدا سىرلىق پاراڭ - پىچىرلاش،
مەنمەنلىكتە گۇرۇھ بولار دىلكەشلەر.

سايلامدا ئەۋج ئېلىپ كېتەر زىياپەت،
يامغۇر كەبى ياغار ھەمدە خۇشامەت.
ھەيران بولدۇم بۇ قىلمىشقا دوستلىرىم،
چىققاچ بۇنداق غەيرى قاراش، ئاڭ - ئا-دەت.

سايلام دېگەن ئادىللىقنىڭ بەلگىسى،
قانۇن دېگەن ئۇنىڭ ئۆتكۈر رەندىسى.
ۋەكىللەرنىڭ ئارزۇسىدىن نۇرلىنار،
رەھبەرلەرنىڭ بۈگۈن، ئەتە، كەلگۈسى.

# پۇشايمان

☆ پەرھات مەمتىمىن ☆

دوپپىسىنى ئال يۇۋاشنىڭ دېسە،
بېشىنىلا ئېلىپ كەپتىمەن.
ئەزەلدىنلا سۇنۇق دىللارغا،
يەنە ئازاب سېلىپ كەپتىمەن.

مېھنەت بىلەن ئەتكەن ئېشىغا،
تۈيدۇرماستىن توپا سېپتىمەن.
ھەققىم باردەك يېگەن نېنىدا،
قان يىغلىتىپ بولۇپ قاپتىمەن.

كاچاتلايمەن ئۆزۈمنى بۈگۈن،
ئۆرتەپ دىلنى ۋىجدان ئىزاسى.
نومۇستىن مەن ئۆلۈپلا كېتەي،
يامان ئىكەن ئەلنىڭ قىساسى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى



7 - ئۆكتەبىردىن 11 - ئۆكتەبىرگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29- يىغىنى ئېچىلدى، مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى،20 تۈرلۈك لايىھە، دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.



↑ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنى 10 - ئاينىڭ 7- كۈنى ئېچىلدى. مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.



← ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانى



9 - سېنتەبىردىن 10 - سېنتەبىرگىچە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى كورلىدا ئېچىلىپ، تارقىتىش خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك ئاقسۇ، پىچان، بۇگۇر قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مۇكاپاتلاندى.



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانى (سۈرەتلەرنى لۇۋاڭخاۋ تارتقان)